
مۇختار سۇپۇرگى
تۈن لىرىكىسى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



مۇختار سۈپۈرگى

# تۈن لىرىكىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

深夜情歌/穆合塔尔·苏菲尔格著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.3
ISBN 7 — 228 — 07907 — 8

Ⅰ. 深… Ⅱ. 穆… Ⅲ. 诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 015882 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:阿孜古丽·克力木
封面设计:艾克拜尔·萨力

**深夜情歌** （维吾尔文）
穆合塔尔·苏菲尔格 著

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001）
新疆新华书店发行　　新疆畜牧印刷厂印刷
787×1092 毫米　　32 开本　　6.125 印张
2003 年 3 月第 1 版　　2003 年 3 月第 1 次印刷
印数:1—2500 册

---

ISBN 7—228—07907—8/I·2843　　定价:9.00 元

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ياش شائىر مۇختار سۇپۇرگى 1963 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.

1980 - يىلى ئونسۇ ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1984 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىملەنگەن.

ھازىرمۇ ئۆز فاكۇلتېتىدا دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ياش شائىر مۇختار سۇپۇرگى 1981 - يىلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت، ژۇرنال، نەشرىياتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، داستان، ھېكايە، مەسەل ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «نورۇزنامە»، «كۆڭلۈك ئاستىدا»، «گۇما ئابىدىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون، مەملىكەت، ۋە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مۇكاپاتلانغان. ئەمگىكىگە يارىشا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالى

«جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ياش شائىرلىرى قامۇسى» ، «دۇنيادىكى جۇڭگولۇق مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» ، «21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو شائىرلىرى ئارخىپى» ··· قاتارلىق يەتتە پارچە قامۇسقا كىرگۈزۈلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«تۈن لىرىكىسى» شائىرنىڭ تاللانغان شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن تۇنجى شېئىرلار توپلىمىدۇر.

# مۇندەرىجە

ئاتا ........................................ 1
خوش ........................................
مېنىڭ ناخشام ........................................ 5
تاڭ لىرىكىسى ........................................ 6
نۇرلۇق سەھەر ........................................ 7
كۆلەڭگە ........................................ 8
دەريا ........................................ 9
ھەسرەت ۋە شادلىق ........................................ 10
ئاي ........................................ 11
سۆيگۈ ۋە گۇمان ........................................ 12
قار مەنزىرىسى ........................................ 13
ئىلغارلىق شەرتى ........................................ 14
سېغىنىش ئوتى ........................................ 15
گۈزەللىك ئىزدىسەڭ ........................................ 19
گۈزەلنىڭ كۈيى ........................................ 20
رازى بولدۇم كېچىشكە، بىراق ........................................ 21
سۆيگۈ ۋە غۇرۇر ........................................ 22
خارلانغان مۇھەببەت ........................................ 23
ھەسرەت ........................................ 24
ئاھ، دەريا ........................................ 25
يۇرت تىلىكى ـ مېنىڭ ئارمىنىم ........................................ 26

تاغ سۇيى .................................. 27
يىپەكچى قىزغا ................................. 28
كۇلكە ۋە ياش ................................. 29
دەسلەپكى مۇھەببەت ........................... 30
سۆيگۈ چاقمىقى ............................... 31
ئادەملەر (چاتما) ............................. 32
سۆيگۈ ........................................ 34
بىر پىچاقنىڭ دەردى .......................... 36
تىلەك ........................................ 36
چوكىلار ...................................... 37
سەت تۇرىدۇ .................................. 38
باھار سۇرىتى ................................. 39
ھالال ۋە ھارام سۇ ............................ 40
تەقدىر ....................................... 41
سولىما كەكلىكنى قەپەزگە ....................... 43
باشقا كەلمەي بىلمەس باشقىلار ................. 44
ئادەممەن، ياشايمەن ئادەمدەك .................. 45
سەھەردىكى چۇش ................................ 46
غايىبقا ....................................... 47
كۆزلەر ....................................... 48
كۆيمەك ئاسان، «كۆيدۇم» دىمەك تەس ...... 49
سەن باقمايسەن ماڭا، مەن ئاڭا ................ 50
ھەر ئىككىمىز تۆكۈپ دەردلىك ياش ............ 51
باھار خىسلىتى ................................ 52
ئالتۇن ........................................ 53
سۆيگۈ ۋە چىراي ............................... 53

شائىر تەبىئەت .......... 54
بۇ دۇنيا، بۇ ھايات .......... 55
دېھقان كۆڭلى .......... 57
ئۆتمۈش بولۇپ قالدى مۇھەببەت .......... 58
تاڭ ئىشقى .......... 59
ماۋزۇسىز .......... 60
ياتار يەردە ئۈزۈلگەن بىر گۈل .......... 61
خادا تاش .......... 61
قار كۆچكەنمۇ قەلبىڭگە .......... 62
تەنھا ھايات — ئۆكسىگەن جاھان .......... 63
ئۆلگەن يۈرەك .......... 64
ئاشىق قەبرىسى .......... 64
ھاياتلىق كالېندارى .......... 65
ھاياتلىق يولى .......... 65
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام — ۋەتىنىمدۇر .......... 66
كۈيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم .......... 68
دېرىزەمدىن ئاي مارىسا جۇلالاپ .......... 69
مەن سۆيىمەن تەبىئەتنى مېھرىم بىلەن .......... 69
بېلىقلار ئىسيانى .......... 70
مېنى ئەمدى ئىزدىمە دىلدار .......... 71
تەكلىماكان لىرىكىسى .......... 72
مەن دەريادىن ئىزدىدىم كېچىك .......... 75
«كۆزى يامان» قىز .......... 76
بەيگىدە .......... 76
يىرتىلغان سۈرەت .......... 77
سايەمگە تەبىر .......... 77

كۈلەر ئالەم ساڭىمۇ قوۋناق ........................ 78
تەر ........................................ 80
ئاھ، سۆيگۈ ئىلاھى — ئانىجان ۋەتەن.......... 82
خۇشبۇي ئەتىرە پۇرايدۇ.......................... 83
ئوڭۇمدىكى چۈش ............................ 84
بىر تال چاچ ................................ 85
ئارزۇ .......................................... 85
ئانا دېگەن ...................................... 86
ئانىنىڭ گۈزەللىكى .......................... 87
كەشتىچى قىزغا .............................. 87
گۈزەلئاي ...................................... 88
ھايات قىممىتى .............................. 88
ئەقىدەم ...................................... 90
ئەركە بالامغا ................................ 92
غەلىتە كۆنگەن ئېشەك ........................ 92
قۇياش ۋە يۇلتۇز ............................ 93
سەن ئۆرلىدىڭ بولۇپ زەر قۇياش............... 94
بىزنىڭ سەھرا ................................ 95
كۆڭۈلدىكى كۆلەڭگە .......................... 97
قىزلارنىڭ كۆزى .............................. 97
ئىزگۈ تۇيغۇلار ................................ 99
كۆچۈش ...................................... 99
خازان بولغان ساداقەت .......................... 100
قار لىرىكىسى ................................ 101
ئۆلۈم ۋە ھايات .............................. 102
رېئاللىقتىكى فانتازىيە .......................... 102

قار ئۈستىدە قالار ياندىش ئىز ............ 103
ئىشىكىمنى چەكسە تۈن قۇشى ............ 104
چۈشۈمدىكى پەرىگە ............ 105
كۆڭۈل ئالبومى (داستان) ............ 106
قىزلار خاتىرىسىگە ............ 109
ئانا كىيىك ۋە ئوۋچى ............ 109
يېڭى يىل سوۋغىسى ............ 110
چال ............ 111
تىرىك ئەرۋاھ ............ 112
ئاھاڭسىز ناخشا ............ 113
گۈلنار ............ 114
لىرىكامغا سىڭگەن يۈرىكىم ............ 115
پال ............ 116
ئانا ............ 116
«قارشى ئېلىش» نىڭ شىكايىتى ............ 119
سۈپۈرگە ۋە ئەخلەت ............ 120
ئويغىنىش ............ 121
مۇراجىئەت ............ 122
گۈلدەستە ............ 124
قوش ئامەتلىك كىشى مەن (ساتىرا) ............ 125
باردى ـ كەلدى ئۈزۈلمەس ............ 129
ئۈچ شېئىر ............ 134
بالىلىققا سەپەر ............ 136
ئەي پەرى ............ 139
غەزەللەر ............ 140
رۇبائىيلار ............ 155

چېقىمچى (ساتىرا) ........................ 157
ئېزىتقۇ يوللار .............................. 160
كۆيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۆشلىرىم......... 163
يېڭى يىل تۇيغۇسى ........................ 163
روھىمدىكى ئۇچقۇنلار ...................... 164
قىش كېچىسى .............................. 166
قىسمەت .................................... 167
كارتۇشكا .................................. 168
قار ياغقان كۈنى ............................ 169
كىم مەڭگۈلۈك كىمنىڭ قەلبىدە............... 170
يارىلىش خىتابنامىسى ...................... 170
رەنا ......................................... 171
ئاشىقلىق لىرىكىسى ........................ 173
دېرىزەمنى چەككىنىدە شوخ يامغۇر .......... 174
تۈن لىرىكىسى ............................. 175
ئايرىلىش ................................... 175
دۇنخۇاڭ ئابىدىلىرى ......................... 176

# ئاتا

ئۆش پاختىدەك ئاقىرىپتۇ ساقىلىڭ،
قىسماق كەبى مۆكچىيىپتۇ بەللىرىڭ.
ئايرىلغاندەك ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭدىن،
تىترەپ تۇرار ياپراق كەبى تەنلىرىڭ.

ھالسىرايسەن مادارىڭ كەم مېڭىشقا،
ئويلايسەنۇ قۇربىڭ يەتمەس بىر ئىشقا.
ئۆزۈك - ئۆزۈك خىياللارنى قىلىسەن،
نەزەر سېلىپ ئۆتكەن باھار، ياز، قىشقا.

ئىزدىگەندەك قىممەتلىك بىر نەرسىنى،
بىر ئۆزۈڭگە، بىر ئەتراپقا قارايسەن.
ئىزدىگىنىڭ تېپىلمىغاچ ئۆزۈڭدىن،
ئاھ، سىرىلىپ ئىچىڭ شۇنچە ئادايسەن.

ئېھ، چۈشەندىم، ئۇلۇغ ئاتا قەلبىڭنى،
ئىزدىگىنىڭ ئالتۇن چېغىڭ — ياشلىقىڭ.
ئىزدىگىنىڭ تاغدەك بەردەم قامىتىڭ،

ئىزدىگىنىڭ چەبدەسلىكىڭ، شاشلىقىڭ.

ئىزدىگىنىڭ قۇياش كەبى كۆز نۇرۇڭ،
ئىزدىگىنىڭ تۇندەك قارا چاچلىرىڭ.
ئىزدىگىنىڭ، شوخلۇقۇڭغا جۆر بولغان،
زىلۋا بويلۇق گۇزەل قەلەم قاشلىقىڭ.

شىۋىرلايدۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىڭ،
قېنى ئۇلار، زادى نەدە قېپ قالدى؟!
رەنجىدىمۇ ياكى مەندىن ئادىشىپ،
قايسى كۇندۇز ياكى تۇندە يوقالدى؟!

ئۇ قالدىمۇ تەر ئاققۇزغان ئېتىزدا؟
ئۇ قالدىمۇ ئاي پارلىغان ئاخشامدا؟
ئۇ قالدىمۇ مەن قوغلىغان ئارماندا؟
يا قالدىمۇ ياشلىقتىكى ناخشامدا؟!

قويما سوئال، ئۆكۇنمىگىن جان ئاتا،
ئىزدىگىنىڭ يوقالمىدى بىرسىمۇ.
ئۇ قالمىدى ھېچ بىر يەردە،
تېخى بار،
قاراپ باقە، ئالدىڭدىكى بۇ كىمۇ؟

ئىزدىگىنىڭ مانا مەندە، مەن ئۆزۈم،
سەندىكىسى بولدى ماڭا مۇجەسسەم.
ماڭا كۆچتى سەندىكى ئۇ گۇل ياشلىق،

يوقاتتىممۇ دەپ ئۆلارنى قىلما غەم.

مانا بەستىم تىك چوققىغا ياندىشار،
غەيۇرلىقىم داجىتار شىر، يولۋاسنى.
مىڭ قۇياشلىق نۇر بالقىيدۇ كۆزۇمدىن،
ھەر زەررىسى خىجىل قىلار قۇياشنى.

يوقاتمىدىڭ غۇنچە بويلۇق گۇزەلنى،
ئەنە ساڭا چاي تۇتماقتا كېلىنىڭ.
قامەت، غۇرۇر، گۇزەللىكنى بەردىڭ سەن،
مېنىڭ بىلەن كۆلەر كۇتكەن تىلىكىڭ.

ۋارىسىڭ مەن، ئەي تۆھپىكار جان ئاتا،
قۇدرىتىم بار سەن ياراتقان يېڭىلمەس.
مەن يارالدىم باسقان ھەر بىر ئىزىڭدىن،
مەندە ياشناپ ئارمانلىرىڭ چىرىمەس.

1984 - يىل سېنتەبىر، خوتەن.

# خوش

(خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن
ساۋاقداشلىرىمغا بېغىشلايمەن)

خوش ئەزىزلەر، سىرداشلار، دوستلار،
خوش، دىلىمنىڭ مېھمانلىرى، خوش.
«خوش» دېمەككە كۆزلىرىمدە ياش،
ئەي ۋەتەننىڭ چولپانلىرى خوش.

نادانلىق ۋە گۆدەك تۈپەيلى،
بىلمىسەمۇ قەدرىڭلارنى مەن.
ئاھ، سېزىلدى ئايرىلغان چاغدا،
ئىكەن دوستلۇق ئىشقىمىز تېرەن.

مەن ئەسلەيمەن سىزلەرنى دائىم،
ئۇنتۇلۇشنى قالدۇرۇپ داغدا.
هاياجاندىن ئاقار كۆزدىن ياش،
يىللار ئۆتۈپ كۆرۈشكەن چاغدا.

خوش، سىلەرگە تىلەيمەن ئۇتۇق،
كۆرۈپ تۇراي تۆھپەڭلەرنى مەن.

ئاق قالمىسۇن هايات بىتىڭلار،
ئىزىڭلاردىن كۆلسۇن گۈلچىمەن.

ئاھ، تېنىڭلار مىللەت، ۋەتەن دەپ،
قۇچسۇن ۋىسال بىز كۈتكەن تىلەك،
ئاقلايلى تەڭ ئۇستاز ئەھدىنى،
ئەجرىمىزدىن كۈلسۇن كېلىچەك.

1984 ـ يىلى ياز، خوتەن.

# مېنىڭ ناخشام

كۈلۈپمۇ، يىغلاپمۇ، غەزەپلىنىپمۇ،
ئېيتىمەن جاراڭلىق ناخشامنى كۈندە.
ئېيتىمەن ۋىسالسىز پاتساممۇ مۇڭغا،
ئالەمنى ئويغىتىپ قاراڭغۇ تۈندە.

بىلىمەن كۈلۈش ۋە غەزەپلىنىشنى،
بىلىمەن مۇھەببەت ھەمدە نەپرەتنى.
سۆيىمەن پۇچۇلماس روھنى ئۇلۇغلاپ،
سۆيىمەن قەدىرلەپ ياخشى خىسلەتنى.

ھەقىقەت بابىدا توۋلىسام ناخشا،
يۇتمەي ئاۋازىم ئەسىرلەپ، يىللاپ.
بوغسىمۇ رەقىبلەر گېلىمنى ھەتتا،
تۆرىمەن تەۋرىمەي ھومىيىپ، تىللاپ.

چۈنكى، بۇ جەڭگىۋار ناخشىنى ماڭا،
ئەجدادىم ئۆگەتكەن تىۋىلاشنى شۇنداق.
ياخشىنى ئۇلۇغلاپ، پەسلەرنى تىللاپ،
مەن ناخشا توۋلىماي تۇرىمەن قانداق؟!

مەن شۇنداق ناخشىچى جەسۇر يارالغان،
ئالەمنى ئىلكىگە ئالغان بۇ كۆزۈم.
ھەقنى دەپ ئۆلۈمگە بولسامۇ مەھكۇم،
ئېيتىمەن ناخشامنى، پۈتمەيدۇ ئۈنۈم.

1984 ـ يىلى، خوتەن

# تاڭ لىرىكىسى

قۇياش پارلىغان يارقىن تاڭ سەھەر،
نۇر دەرياسىغا چۆكىدۇ ئالەم.
گۇللەر بويىنىغا بولۇپ زەر مۇنچاق،
چاقنار جۇلالاپ بىغۇبار شەبنەم.

قەلبىمدە تاڭغا سۆيگۈ يالقۇنلاپ،
نەزەر سالىمەن يىراق ـ يىراققا.
ئۇپۇق قوينىدا يانار ئىستىكىم،
نۇرغا قوشۇلۇپ تارقار ئۇزاققا.

بارىمەن چەبدەس پارلاق نىشانغا،

گۈزەل ئارمانلار ماڭىدۇ باشلاپ.
بارىمەن ئالغا جۇشقۇن ۋە مەغرۇر،
مۇشكۈل تېغىنى ئارقىغا تاشلاپ.

مەنزىلىم قۇچاق ئاچسا ئالدىمدا،
ئارمانلىرىمغا قوشۇلار ئارمان.
ئۈمىدلەر قوشۇپ روھ ۋە جاسارەت،
ئالار قوينىغا يېڭى بىر دەۋران.

1987 - يىل دېكابىر، خوتەن.

## نۇرلۇق سەھەر

ياشلىقىمدەك سۈزۈك، كۆركەم تاڭ سەھەر،
مەن بارىمەن بېقىپ ئالتۇن قۇياشقا.
نۇرلاندۇرۇپ ئىقبالىمنى ئەجرىمدە،
ھۇل سالىمەن ئۈمىدلىك ياش ھاياتقا.
مەن بارىمەن بېقىپ ئالتۇن قۇياشقا.

مەن بارىمەن نۇرلۇق سەھەر نۇر كېچىپ،
كۆكسۈم ئېچىپ سۆيۈپ نۇرنى قۇچاقلاپ.
ئىشەنچىمنى قۇچقان گۈزەل ئارمانلار،
نۇر قوينىدا چاقنار يارقىن جۇلالاپ.
مەن بارىمەن سۆيۈپ نۇرنى قۇچاقلاپ.

مەن بارىمەن ناخشا ئېيتىپ نۇر ئارا،

ئويغاتماقتا ئانا يەرنى ئاۋازىم.
تۇمان سىڭىپ بارغان چەكسىز بوشلۇقتا،
قانات قاقار مېنىڭ ياشلىق پەرۋازىم.
ئويغاتماقتا ئانا يەرنى ئاۋازىم.

نۇرلۇق سەھەر بولۇپ نۇرغا سەپەرداش،
ئىلگىرلەيمەن تىك چوققىغا يامىشىپ.
ئىستەكلىرىم يانار يۈكسەك چوققىدا،
شۇ توسقۇنسىز ئۆتكۈر نۇرغا ئارىلىشىپ.
ئىلگىرلەيمەن تىك چوققىغا يامىشىپ.

نۇرلۇق سەھەر نۇر تارىغان بوشلۇقتا،
ئارمانلىرىم قانىتىدا ئۇچىمەن.
ئىز قالدۇرۇپ نەزەر يەتمەس پىنھاندا،
ئەجرىم بىلەن مەنزىلىمنى قۇچىمەن.
ئارمانلىرىم قانىتىدا ئۇچىمەن.

1988 ـ يىل يانۋار، خوتەن.

## كۆلەڭگە

ئامرىقىم خوشلىش دەملىرى كەلدى،
ئاھ، جۇشقۇن شوخلۇقۇڭ قالدى بېسىقىپ.
كۆزۈڭدىن تاراملاپ تۆكۈلدى يامغۇر،
قەلبىڭدە ئايرىلىش چاقمىقى چېقىپ.

بىلىمەن، ئەمەستۇر ئۆچكەن شوخلۇقۇڭ،
ئارمانلار گۈلىنىڭ توزۇپ كېتىشى.
بىلىمەن، ئەمەستۇر شۇ سۆزۈك يامغۇر،
مۇستەھكەم ئىشەنچىنىڭ يىتىپ كېتىشى.

بايقىدىم، ياش تولغان دەردلىك كۆزۈڭدە،
تۇرىدۇ ساداقەت نۇرلىرى پارلاپ.
بايقىدىم، شۇنى ھەم دەيدۇ كۆز يېشىڭ:
ھەي تەنتەك مۇھەببەت قويارمۇ ئالداپ ...

1988 ـ يىل يانۋار، خوتەن.

## دەريا

تۇرىمەن شاۋقۇنلۇق دەريا بويىدا،
تاغسىمان دولقۇنلار مەۋجىگە قاراپ.
ئۇ ئاقار ئەسلىتىپ غالىب قوشۇننى،
يېقىملىق شاۋقۇنى ھەرياققا تاراپ.

ھەيۋەتلىك تاغلارمۇ بولالماس تۇغان،
تامچىدىن پۈتكەن بۇ زور كۈچ قەھرىگە.
دولقۇنلار بىرلىكى سالىدۇ تىنچلىق ـ
ئىناقلىق ھېسسىنى كىشى قەلبىگە.

ئەي دەريا، سەن شۇنداق يارالغانمىدىڭ،
ياق، سانسىز تامچىلار ياراتقان سېنى.
ھەر تامچە قېتىلماي ئېقىپ ئۆز مەيلى،

دەريالار پۈتكەنمۇ قەيەردە، قېنى؟!

ئاققىن ئەي ئۈزۈلمەس دولقۇنلۇق دەريا،
كۈچۈڭگە قايىللىق ئەيلىسۇن جاھان.
ئېچىقلار ئاچمىسۇن ھېچكىم سىنىڭدىن،
ئېقىنىۋەر بىر گەۋدە بولۇپ ھەر زامان.

1987 - يىل ماي، خوتەن

## ھەسرەت ۋە شادلىق

تۇرۇپ كەتتىڭ ئەجەب ئامرىقىم،
ئەيىنەكىڭگە يېنىشلاپ قاراپ.
جۇپ مەڭزىڭگە چۈشكەن شۇ داغلار،
بولغان چېغى ساڭا دەرد - ئازاب.

كەزدى شادلىق چېھرىڭدە بىردىن،
يەتمەي قالغان تۈگمەڭگە قاراپ.
نېمە ئۈچۈن چۈشتى بۇ داغلار؟
سوئالىڭغا تېپىلدى جاۋاب.

كۆز ئالدىڭدا بولدى نامايەن،
شۇنچە ئوماق سەبىي بىر بوۋاق.
گۈڭۈرلايدۇ كۈلۈپ ۋىلىقلاپ،
چېھرى قۇياش، كۆزلىرى بۇلاق...

1988 - يىل نويابىر، خوتەن

# ئاي

ئوماقىنا ئېچىپ خۇش چىراي،
كۆك يۈزىگە قوندى تولۇن ئاي.
كېلىپ خۇشال بىر جۈپ يىگىت ـ قىز،
كۆل قېشىدىن ئالدى يېقىن جاي.

دېدى گۈزەل ئاستا شىۋىرلاپ:
ــ قاراڭ سىزگە باقتى تولۇن ئاي.
دېدى يىگىت: ــ ئاي تۇرسا ياندىش،
ئاسماندىكى ئاينى نە قىلاي؟

شۇ جاۋابنى كۈتكەندەك گۈزەل،
يىگىتىگە تۇتتى لەۋدە چاي.
ئەنە كۆلدە چىرماشقان سايە،
قالدى يالغۇز دەردتە تولۇن ئاي ...

1988 ـ يىل 25 ـ دېكابىر، خوتەن

# سۆيگۈ ۋە گۇمان

جىمجىت كېچە، كۆكتە ئۈزەر ئاي،
قىز ياتىدۇ ماتۇق كۆرپىدە.
ئۈمىد، گۇمان، شادلىق ۋە ئازاب،
چۇقان سالار ئۇنىڭ قەلبىدە.

ئۆرلىدۇ ئۇياق - بۇياقتا،
قايرىپ قويار گاھى پەردىنى.
ئاھ، نە سەۋەب ياتار تولغىنىپ،
كىم چۈشىنەر ئۇنىڭ دەردىنى؟!

بىر يىگىتكە كۆيەر ئەسلى ئۇ،
ئىچ - ئىچىدىن ئوت بولۇپ يېنىپ.
كېچە شۇنداق ئۆتىدۇ بىدار،
كۆزلىرىدىن بۇلاقلار ئېقىپ.

يىگىت يۈرەر غەمسىز، خىرامان،
چۈشەنمەيدۇ قىزنى بۇ «نادان».
«باشقا بىرنى قالارمۇ سۆيۈپ»
قىز كۆڭلىدە شۇ ئوغرى گۇمان.

1988 - يىل دېكابىر، خوتەن

# قار مەنزىرىسى

قار ئۇچقۇنى توزار ئۇستۇمدە،
يەر ياتىدۇ گويا ئاق كۇمۇش.
بوشلۇقلاردا لەيلەيدۇ تۇمان،
مەن تۇرىمەن كۆرگەن كەبى چۇش.

قار ئۇچقۇنى توزار ئۇستۇمدە،
ئاقارماقتا كائىنات بىتى.
كۆز تىكىمەن يىراق - يىراققا،
كۆرۈنمەيدۇ ئالەمنىڭ چېكى.

قار ئۇچقۇنى توزار ئۇستۇمدە،
كۆز ئالدىمدا بىپايان جۇڭغار.
چوخچاپماقتا خانتەڭرى مەغرۇر،
لىچەك ئارتقان بوي - بەستىگە قار.

قار ئۇچقۇنى توزار ئۇستۇمدە،
يول يۈرىمەن ئۇپۇققا قاراپ.
چىقتى قۇياش نۇر تاغىقىدا،
كائىناتنى سۈزۈپ ئۇز تاراپ.

قار ئۇچقۇنى توزار ئۇستۇمدە،

ئاق تەڭگىدەك جۇلالاپ يارقىن.
يەر ئاقارسا كۆيلىدىم نېچۈن؟
چۈنكى خەلقىم قەلبى بۇ زېمىن.

1987 ـ يىلى يېزىلغان، 1988 ـ يىلى دېكابىردا تۈزىتىلدى.

## ئىلغارلىق شەرتى

قىزغىن چاۋاك ـ ئالقىش ئىچىدە،
چىقتىڭ «دوستۇم» سەھنىگە بۇرۇن.
ئالدىڭ تېخى بولماي خىجالەت،
ئىلغارلارنىڭ سېپىدىن ئورۇن.

ئىشىنەلمەي كۆزۈمگە ئانچە،
يېنىش ـ يېنىش قارىدىم ساڭا.
قارىغانچە كەتتىڭ سۇسلىشىپ،
بەلكى شۇنداق تۇيۇلدى ماڭا.

«توۋا» دېدىم چۈشىنەلمەي ھېچ،
شەرتى نېمە ئىلغار بولۇشنىڭ؟
سۇخەنچىلىك ئاچقۇچىمىدۇ،
زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشنىڭ؟!

ئېسىمدىغۇ «پارلاق» ئىش ـ ئىزىڭ،
بىرنى ـ بىرگە چېقىپ يۈرگىنىڭ.
گاھ تاپالماي چاققىدەك بىر ئىش،

كوچا ـ كويدا ئېقىپ يۈرگىنىڭ.

قىلماي ئۆزۈڭ زەررە ياخشى ئىش،
مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قاپسەن.
جۇۋىسىدا تەرلەپ ئۆزگىنىڭ،
«نەمۇنىچى» نامىنى ئاپسەن.

ئىلغارلىق دەپ سانالسا شۇمۇ،
بولدى، ئىلغار بولمىدىم زىنھار.
ساڭا ئوخشاش ئىلغار بولغىچە،
مەيلى بولسام تەر تۆكۈپ ناچار.

1988 ـ يىل، خوتەن

# سېغىنىش ئوتى

## 1

يېلىنجاپ قەلبىمدە سېغىنىش ئوتى،
قارايمەن ئەي ئاقسۇ ئېتەكلىرىڭگە.
قارايمەن بويۇڭغا مېھنەت ـ ئىجادتىن،
تاقىغان چىرايلىق بېزەكلىرىڭگە.

تۇرىمەن بۇركۈتتەك تىك چوققىلاردا،
بىپايان كەڭ زېمىن ئالدىمدا ياتار.
دېسەم گەر زېمىننى نەقىشلىك ئۈزۈك،

ئۇزۇككە كۆز بولۇپ ھۆسنىڭ يالتىرار.

باتۇر قۇش ئۇچۇشقا ئىنتىلگەن كەبى،
تەلپۈنۈپ باغرىڭغا بولدۇم ئىنتىزار.
ئاڭلاپ ھەر تەرەپتىن غەلىبە كۈيۈڭنى،
يالقۇنلۇق قەلبىمدە سەزدىم ئىپتىخار.

ۋۇجۇدۇم سۆيگۈڭدىن ئاختۇرۇپ پاناھ،
سىغىنىش ئۇندىدى كۆرمەككە سىنى.
مەن نىچۈن سىغىنماي، يۈرىكىم سەندە،
ئۆستۈرگەچ سۈت بىرىپ سۆيۈپ سەن مىنى.

2

خىيالىم قۇشلىرى ئۆرلەپ پەلەككە،
ئىنتىلىپ باغرىڭغا يايغاندا قانات.
شىرىن بىر ھىس - تۇيغۇ قۇچۇپ قەلبىمنى،
ئىسىمدىن جاي ئالار شۇ سەبىي ھايات.

تۇرىمەن يىراقتا - كوئىنلۇن باغرىدا،
قەلبىمدە يۈرت ئىشقى بىر جاھان ئاتەش.
ئەسلىسەم سەندىكى گۆدەك چىغىمنى،
پاك مىھرىڭ قەلبىمدە ياسىدى ئۆركەش.

ئىسىمدە، شۇ غەمسىز گۆدەك چاغلىرىم،
ئەركەڭ بوپ ئۈينايتتىم باغلار ئارىلاپ.

ئۆزەتتىم دولقۇنلۇق دەريالىرىڭدا،
كۆلەتتىم سەن ئانام باغرىدا يايراپ.

كېزەتتىم چىمەنزار دالالىرىڭنى،
تال - چىۋىق ئېتىمغا مىنىپ شادلىنىپ.
يايرايتتىم، قىش ۋە ياز كۆزى يۇمۇلماس،
زۇمرەتتەك بۇلاقتىن شەربەت سۇ ئىچىپ.

ئېسىمدە، شۇ گۈزەل تاغلار، ئېدىرلار،
ئېسىمدە، باراقسان يېشىل بەلۋاغلار.
ئېسىمدە، رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان،
بۇلبۇللار ماكانى شۇ گۈزەل باغلار.

ئېسىمدە، ئانا يۇرت، (ئۇنۇتقىنىم يوق)،
ئۆستۇردۇڭ مېھرىڭدىن بېرىپ ماڭا جاي.
ئۇمىدىم: شۇ ئىشچان، باتۇر خەلقىڭگە،
تۇتسامدىم ئەجرىمدىن بىر پىيالە چاي.

3

يىراققا سوزۇلغان كۈمۈش دەريالار،
ئەتراپى بۇلبۇللار ماكانى گۈلشەن.
ھە، مەنمۇ ۋەتەننىڭ كۆيچى بۇلبۇلى،
ئەي بۇلبۇل ماكانى قوينۇڭدا ئۆسكەن.

سەن بۇلبۇل ماكانى چەكسىز چىمەنزار،

سەن بايلىق كانىسەن، ئەي ئالتۇن تۇپراق.
دېسەم گەر سېنى بىر قايرىلماس چىنار،
مەن سېنىڭ غولۇڭدا ياشارغان ياپراق.

قانچىلاپ مەرىپەت ئەھلى، كۆيچىلەر،
قوينۇڭدا ئۆزۈلمەس كۆيلەرنى تۆككەن.
مۇتەللىپ، بىلالى، ئارمىيە ئېلى،
نامىڭنى ئەشئاردا ئۇلۇغلاپ ئۆتكەن.

قەدىمىي كۆسەندىن كومىراجىۋا،
جاھانغا تۇنجى رەت سېنى تونۇتقان.
سەندىكى مەدەنىي، قايناق ھاياتنى،
كۆي بىلەن كەڭ جاھان خەلقىگە تۇتقان.

تارىخنىڭ ھەققىدە مۇسا سايرامى،
نۇرانە كىتابنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن.
ئەشئاردا پېشىۋا بولۇپ شەھيارى،
مېھنەت مېۋىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

قەيسەرلىك، پاكلىقتا مىسال «يەتتە قىز»،
رەقىبلەر بەستىنى قىلغان يەرگە تەڭ.
ئۆلگىدۇر قۇدرەتتە قەھرىمان خەلقىڭ،
ئەركىنلىك يولىدا قىلغان كۆرەش ـــ جەڭ.

غۇرۇرۇم، پەخرىمسەن ئەزىز ئانا يۇرت،
سەن بىلەن جاھانغا قارايمەن كۆلۈپ.

ئىرادەم گۈللەردە ئورايمەن سېنى،
پەن ـ ئىجاد يولىدا هارماي تەر تۆكۈپ.

سېغىنىپ ـ سېغىنىپ تىنىغان تىنىقىم،
قوينۇڭغا ئىپاردەك يېيىلسۇن يۇرتۇم.
مېهرىڭگە تۇتاشقان مۇھەببەت ـ ئىشقىم،
ئوت بولۇپ باغرىڭغا چېچىلسۇن يۇرتۇم.

1985 ـ يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان، 1988 ـ يىلى خوتەندە تۈزىتىلدى.

## گۈزەللىك ئىزدىسەڭ

يۇزلىرىڭدە ئۇپا ۋە بوياق،
تىرنىقىڭدا قىپقىزىل خېنە.
كۆرسىتىدۇ تۇرقۇڭنى ئۇماق،
قاشلىرىڭغا ياراشقان سۈرمە.

ئەيىب ئەمەس پەرەز قىلغىنىڭ،
گۈزەللىككە تەلپۈنەر ھەر دىل.
بىراق، شۇنداق ياسىنىشىڭغا،
بولۇپ قاپتۇ بىر قىلىق ئىجىل.

سېنى ئىزدەپ كېلەر كۆپ يىگىت،
بۇگۈنكىسى كەلمەيدۇ ئەتە.
بىلگەنلىرى دەيدۇ «ھەي ئىسىت»،
قىلىپ ساڭا ئەلەملىك تەنە.

چىن گۈزەللىك ئىزدىسەڭ ئەگەر،
پاكلىقىڭنى تىرىلدۈر گۈزەل.
ياپالمايدۇ ئۇپا ۋە ئەڭلىك،
باسسا داغلار قەلبىڭنى تۈگەل.

1988 ـ يىل دېكابىر، خوتەن.

## گۈزەلنىڭ كۈيى

قۇياش قونغان مەغرۇر قىيادا،
ئولتۇرسەن سۇرۇپ ئوي ـ خىيال.
چاقنار ھۆسنىڭ ئالتۇن زىيادا،
قۇندۇز چېچىڭ گويا مەجنۇنتال.

مىسكىنلىكىڭ شۇنچە يېقىملىق،
پەرىزاتتەك كۆرۈندۇڭ گۈزەل.
تەڭرى ساڭا قىلىپ يېقىنلىق،
بەرگەنمىدى ئۇزلۇقنى تۈگەل؟

كۆرسە ئاشۇ نۇرلۇق چېھرىڭنى،
كۆندەشلىكتە كۆيەر سۇزۇك تاڭ.
كىرسىز، سادىق سۆيگۈ ـ مېھرىڭنى،
قۇچۇپ كېلەر دەردلىك بىر ئاھاڭ.

1988 ـ يىلى، خوتەن.

# رازى بولدۇم كىچىشكە، بىراق ...

رازى بولدۇم كىچىشكە سەندىن،
تىكمەسكە كۆز ھەتتا سەن تامان.
ئۇنتۇدۇمغۇ دىدىم ۋە لىكىن،
كۆزۈمدە ياش، قەلبىمدە پىغان.

رازى بولدۇم كىچىشكە سەندىن،
كەچتىم سەنمۇ قويمىدىڭ قاراپ.
كەچتىم لىكىن كەچكەندىن بىرى،
ئاھ، كىچىلەر باقمىدىم ئۇخلاپ.

رازى بولدۇم كىچىشكە سەندىن،
كەتتىم تەنھا، مەغرۇر يىنىڭدىن.
كەچتىم بىراق بىر كۆلمىدىم شاد،
كەچكەندىمەن، ئاھ، مەن نىمىدىن؟! ...

1986 ـ يىلى يازدا يېزىلغان، 1988 ـ يىلــــى قايتا تۈزىتىلگەن.

# سۆيگۈ ۋە غۇرۇر

قارىشىمىز ئىرىدىن تەشنا،
ئۆتتى كۈنلەر شۇ بولۇپ تەكرار.
ئۇچرىشىمىز بىپەرۋا، مەغرۇر،
قارىشىپمۇ قويمايمىز زىنھار.

قارىشىمىز ئىرىدىن تەشنا،
سەن كىلىسەن نۇرغا پۈركىنىپ.
ئۆتىشىمىز قويۇپ كەڭ ئارىلىق،
كەتسىمۇ دىل دەردتە ئۆرتىنىپ.

كۆرۈپ قالسام قارىغىنىڭنى،
يوشۇرىسەن ئۇ ھالنى دەرھال.
قاچانغىچە مەغرۇرلىقىمىز،
جۇپ يۈرەككە قىلىدۇ ئۇۋال؟ ...

1986 — 1988 - يىللار ئاقسۇ، خوتەن.

# خارلانغان مۇھەببەت

شۇنچە ئوماق، زېرەك بىر سەبىي،
پۇل دەپ ماڭا قول سوزدى مىسكىن.
«پۇل بەرگىلى داداڭ يوقمىدى ...»
دېدىم، ئىزا تارتتىم ۋە لېكىن.

ئۇندىمەستىن باقتى يەرگە ئۇ،
كۆزلىرىدىن تاراملىدى ياش.
مەنغۇ ئادەم، ئۇنىڭ يېشىدىن،
ئېرەر ئىدى ھەتتا قارا تاش.

پۇلنى بېرىپ سورىدىم ئاستا،
«ئاتا - ئاناڭ كەتكەنمۇ تۇگەپ»؟
«ياق، ئايرىلىپ كېتىشكەن ئۇلار»
دېدى، ئارتۇق قىلالمىدى گەپ.

كىيىملىرى يىرتىق ۋە يېلىڭ،
ئۇ يۈرىدۇ ئاچ قورساق تېنەپ.
لېكىن غەمسىز ئاتا - ئانىسى،
يۈرەمدىكىن ئۆز كىيىپ، چوڭ يەپ؟! ...

1988 - يىلى ياز، خوتەن.

# ھەسرەت

كوۋۋكىدا قىرى كەپتىرىم،
ئۇنلەپ كەتتى مۇڭلۇق ۋە ئۇزۇن.
بۇنچە مىسكىن ئەمەس ئىدى ئۇ،
ھەتتا كەپسىز، شوخ ئىدى بۇرۇن.

كۆيلىرىدىن ئۇچقۇندار ئەلەم،
شۇنچە دەردلىك، شۇنچە ئازابلىق.
يۈرەكلەرنى تاشلايدۇ ئېزىپ،
ئۇنىڭدىكى ھالى خارابلىق.

راست، ئۇ شۇنداق چېكىدۇ پىغان،
جۆرىسىدىن كەتكەچ ئايرىلىپ.
ئاچ كۆز لاچىن يەپ كەتتى ئۇنى،
يېلىنىسمۇ شۇنچە زارلىنىپ.

ئۇ كۆيلەيدۇ، كۆيلەيدۇ مۇڭلۇق،
كۆيلىرىدىن ئۇچقۇندار ئەلەم.
كۆيلىرىدىن بىلدىم،
جۇپلەرگە،
ئېغىر ئىكەن شۇ قەدەر ھىجران.

1988 ـ يىل، خوتەن.

# ئاھ، دەريا

ئاھ، دەريا، جۇشقۇن دەريا، ئويغاق دەريا،
ئانا يەر بۆشۈك، سەن بىر بوۋاق دەريا.
يەر ئۈمىد باغلاپ ساڭا بەرگەچكە يول،
ئاقىسەن ئاقلاپ ئۈمىد ئۇزاق دەريا.

ئاھ، دەريا، جۇشقۇن دەريا، ئويغاق دەريا،
چاپىمەن ساھىلىڭدا مەن قىيغىتىپ.
ئىلھاملار يۈرىكىمدە جۇشقۇنلىنار،
تاغسىمان ئۆركىشىڭگە تۇرسام بېقىپ.

ئاھ، دەريا، جۇشقۇن دەريا، ئويغاق دەريا،
ئاقىسەن تۇرمەل - تۇرمەل دولقۇن ئېتىپ.
شاۋقۇنۇڭ ئويغىتىپ ھېس سالسا چۇقان،
بولىمەن تەڭكەش ئاڭا ناخشا ئېيتىپ.

ئاھ، دەريا، جۇشقۇن دەريا، ئويغاق دەريا،
ئاقىسەن قىرغاقلارغا چېچىپ ئۈنچە.
بويلىرىڭ خۇش پۇراقلىق چىمەنزاردۇر،
قوشار ئۇ يۇرت ھۆسنىگە ھۆسن شۇنچە.

ئاھ، دەريا، جۇشقۇن دەريا، ئويغاق دەريا،

ئانا يەر تومۇرىدا ئاققان قانسەن.
ئەسىرلەر ئېقىپ كەلدىڭ، ئاققىن يەنە،
يۇرت ھۆسنى گىياھلارغا بېرىپ جان سەن.

ئاھ، دەريا، جۇشقۇن دەريا، ئويغاق دەريا،
ياشلىقىم ھېسلىرىدەك قايناق دەريا.

1986 — 1988 - يىللار ئاقسۇ، خوتەن.

# يۇرت تىلىكى — مېنىڭ ئارمىنىم

سەھەر تۇتۇپ ئۇپۇقنى تولغاق،
تۇغۇلدى كۈن ئەجەب جىلۋىدار.
ياپراقلارنىڭ كىرپىكىدە ياش،
گۈل دىماغقا سېپەر خۇش ئىپار.

تاغلار بىلەن تالىشىپ قامەت،
مەن تۇرىمەن قىيادا مەغرۇر.
يۇرت ھۆسنىگە باقىمەن شەيدا،
ۋۇجۇدۇمدا پەخىر ۋە غۇرۇر.

كۆزلىرىمدىن بالقىغان نۇرلار،
ئەيلەر قۇياش چېھرىدە جۇلا.
ھېسلىرىمنى چايقاپ ئاقىدۇ،
تىنىقىمدا تەۋرەنگەن دەريا.

كۆيلىرىمدە ئۇيغۇر ئاھاڭى،
ئەۋجى يۇرتنى سۆيەر قۇچاقلاپ.
يۇرت تىنىقى قۇچقان كۆيۈمدە،
ئارمانلىرىم يانار چاراقلاپ.

مۇشۇ يۇرتنىڭ ئوغلى ئۇيغۇر مەن،
تاڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.
يۇرت تىلىكى ــ مېنىڭ ئارمىنىم،
ئاڭا سۆيگۈ رىشتىم چېگىلگەن.

1989 ـ يىل 3 ـ يانۋار، خوتەن.

## تاغ سۈيى

تاشلاردىن تاشلارغا قاڭقىيسەن ئوقچۇپ،
ھەيۋەتلىك شارقىراپ جۇشقۇن تاغ سۈيى.
تىنىمسىز شاۋقۇنۇڭ ئەكسىدىن كېلەر،
بۇ گۈزەل ھاياتنىڭ لىرىك شوخ كۈيى.

ئاقىسەن چاڭقىغان دەشت ـ چۆللەرگە،
بولۇشچۇن گىياھلار تومۇرىغا قان.
تومۇزدا قاغجىراپ ئۇسسىغان كارۋان،
بەھرىڭدىن جىسمىغا تاپار ئوزۇق ـ جان.

ئارزۇيۇم، ئۆرنەك قىپ خىسلىتىڭنى مەن،
ئەجرىمدىن خەلقىمگە كەلتۈرسەم پايدا.

شۇندىلا ياشلىقىم تاپاتتى مەنە،
بولسىمۇ تۇرالغۇم چۆللەردە، سايدا.

1988 ــ 1989 ـ يىللار، خوتەن.

## يېپەكچى قىزغا

ياسىغانمۇ سېنى بىرەر ئۇستىكار،
تەسۋىرىمگە سىغماس گۈزەل سىياقىڭ.
كۆزلىرىڭدە مىڭ قۇياشلىق جىلۋە بار،
بىر كۆرۈشتە يەڭدى مېنى پىراقىڭ.

پەرىمىكىن دېسەم سەندە يوق سېھرى،
چوڭ بولۇپسەن مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ.
قوزغار لېكىن ئىنسانلىقىڭ ئوي ـ گۇمان،
كۈلىسەن شاد، يۇرسەم دەردكە بوغۇلۇپ.

«كۆيگەندىكىن كۆيۈپ ئۆلگىن» دېگەندەك،
ھەر كۆڭلىكى يولۇقسەن نەچچە رەت.
مەن كۆرىمەن سېنى، مېنى كۆرمەيسەن،
دەرد ئۇستىگە قوشۇپ يەنە يېڭى دەرد.

تونۇمايسەن مېنى، سېنى تونۇيمەن،
داڭ چىقارغاچ يېپەكچىلىك تېخنىكاڭ.
ئىجادچانلىق جۇرئىتىڭدىن قوشۇلدى،
شېئىرىمغا يېڭى مەزمۇن، شوخ ئاھاڭ.

سوراي سەندىن يىپەكچى قىز ئېيتقىنا،
قانداق قىلسام سەنمۇ مېنى تونارسەن؟
قوبۇل قىلىپ ئۆزۈڭ بەرگەن سۆيگۈنى،
قاچانلىققا تەلپىمگە ئۇنارسەن؟

1989 - يىل 3 - يانۋار، خوتەن.

# كۆلكە ۋە ياش

ئىدىڭ شۇنچە مەغرۇر ۋە گۈزەل،
جاھان گويا مەيلىڭگىلا قول.
«ئەتراپىمنىڭ ھەممىسى تىكەن»
دەيتتىڭ «پەقەت بىر ئۆزۈملا گۈل».

سۆيگۈ ئورتاق شاھ ۋە گادايغا،
ساڭا سۆيگۈ ئىشقىم چېتىلدى.
سەبىي دەردسىز قەلبىم خاكىدا،
ئىشقىڭ بىخى ئاينىپ يېتىلدى.

بىراق ماڭا بولمىدىڭ نېسىپ،
كۆچتى بەختىم ياتنىڭ قەلبىگە.
بولدى مەلھەم ئەلەم - ھەسرىتىم،
سۆيگىنىڭنىڭ ئىشقى دەردىگە.

ھايات شۇنداق، يىغلاپسەن بۈگۈن،

ئېرىشكىنىڭ بولغاچ ساختىلىق،
ياش تۆكمىگىن، سەن پاك سەن گۈزەل،
ئىزدىگىنىڭ ۋاپا، ياخشىلىق.

1989 ـ يىل 3 ـ يانۋار، خوتەن.

## دەسلەپكى مۇھەببەت

دېرىزىگە قونۇپ تولۇن ئاي،
ئۆي ئىچىگە نۇر تۆكەر تال ـ تال.
قىز كۆڭلىنى تىنجىتماس بىر ھېس،
سۇ يۈزىنى قۇچقاندەك شامال.

ئۇيقۇسىغا ئارىلىشىپ خىيال،
ئۆرلىدۇ ئۇياق ـ بۇياققا.
سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ شوخ يىگىت،
شىۋىرلايدۇ ئاستا قۇلاققا.

تۇنجى سۆيگۈ، تۇنجى مۇھەببەت،
ئاھ، نە ئۈچۈن ئۇخلاتماس ئۇنى.
ۋىسالدىمۇ، جۇدالىقتىمۇ،
تەكرار بۇ سىر، كىم يېشەر بۇنى؟ ...

1989 ـ يىل يانۋار، خوتەن.

# سۆيگۈ چاقمىقى

1

ئىشقىمنى ئىزدەپ باقسام كۆزۈڭگە،
كۆزۈڭدە ئىشقىم نۇرى پارلىدى.
ئۇپۇققا رەڭداش گۈلگۈن چېھرىڭدە،
ئوتلۇق ئىشقىمنىڭ تەپتى بالقىدى.

2

ئىزدىدىڭمىكىن ئىشقىڭنى مەندىن،
كۆزۈڭنى ئۇزمەي قارايسەن جىمىم.
ئىشقىڭ دىلىمدا چوغلانغان بىر پېچ،
يۇرىكىم ئۇندا كۆيەر بىتىنىم.

3

باقتىم كۆزۈڭگە، ئوتلۇق كۆزۈڭدە،
سۆيگۈ تىلىكى نۇرلىنىپياندى.
سۆيدۇم ئاھ، سېنى — سۆيدۇم ئۇپۇقنى،
قەلبىڭدە سۆيگۈ چاقمىقى چاقتى.

سوقتى چاقمىقىڭ ئوتى جىسمىمنى،
يىقىلدى شۇئان قەلبىڭگە نىمجان.

چىن ئاشىق روھىم يېتىپ خۇداغا،
ئىككىمىز ئۇچۇن بەردى بىرلا جان.

4

كۆزۈڭدىن ئىشقىم نۇرلىرى چاقنار،
چېھرىڭدىن مېھرىڭ جىلۋىسى بالقار.

1989 - يىل يانۋار، خوتەن.

# ئادەملەر

(چاتما)

مۇقەددىمە

ھاياتلىق سەپىرىگە چىقتىڭ ئەگەر،
كۆرىسەن ئۇلۇغلۇق ھەم پەسلىكنىمۇ.
ئارزۇيۇڭ گۈزەللىكنى سۆيۈش تۇرۇپ،
قالىسەن سۆيۈپ گاھى سەتلىكنىمۇ.

بەزىلەر

بەزىلەر ماختاپ سېنى دەيدۇ «قالتىس»،
كەلسەڭمۇ يار لېۋىگە قويماي نوقۇپ.
يىقىلساڭ يولىمايدۇ قېشىڭغا بىر،
قالىسۇن دەمدىكىن «سەت ئىللەت يۇقۇپ».

ماختىغان ئەمەسمىدى شۇ ئىللەتنى،
باشتىلا ئۆزى، «قالتىس كارامەت» دەپ.
كۆرەڭلىك، ھەسەتخورلۇق، قۇۋلۇقلارنى،
«ئاجايىپ ئېسىل ھۇنەر - ماھارەت» دەپ؟!

## بەزلەر

بەزلەر ماختاپ ياكى تىللىمايدۇ،
قىشىغا سىنى پات ـ پات چىلىلمايدۇ.
شان ـ شەرەپ قۇچساڭ، كۈلۈپ بولماس خۇشال،
ياكى ئۇ ئۆلۈمىڭگە يىغلىمايدۇ.

## يەنە بەزلەر

بەزلەر ماختىمايدۇ سىنى ئوچۇق،
كۆرسىتەر ئەيىبىڭنى بەلكى پات ـ پات.
چۈشىنىپ بۇنى «ھەسەت قىلدىغۇ» دەپ،
تونۇيسەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يات.

ۋە لىكىن چۈشكەن چاغدا بېشىڭغا كۈن،
شۇ كىلەر يوقلاپ سىنى تۇنجى بولۇپ.
قىسمىتىڭ ياشلىغاندا كۆزلىرىڭنى،
مۇڭلىنار دەردىڭنى ئۆز دەردى بىلىپ.

## خاتىمە

بۇ ھايات ئۆزى سىرلىق بىر مۇئەمما،
ياخشىلىق چاندۇرىدۇ يامانلىقنى.
نادانلار ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ،
بۇزۇشۇپ ئەل تىكلىگەن ئامانلىقنى.

1989 ـ يىل 15 ـ يانۋار، خوتەن.

# سۆيگۈ

## 1

كۆزلىرىڭدە كۆڭلۈڭ سۈرىتى،
كۆزلىرىمدىن ئىزدەر كۆڭلۈمنى.
ئۇچراشقاندا نىگاھلىرىمىز،
قۇچار قەلبىڭ چەكسىز سۆيگۈمنى.

ئىشقىڭ شامال پۈۋلىگەن ئاتەش،
يۈرىكىمنى ئەيلىدى ئوچاق.
تىنىقىڭدا ئاقتىم ماگمىدەك،
سۆيگۈڭ ماڭا ئاچقاندا قۇچاق.

## 2

قاچتى لېۋىڭ ئۈركۈپ لېۋىمدىن،
سوغۇق تەردە يۇيۇلدى چېكەم.
سېزەلمىدىم، پۈتمەي بۇ ھالغا
تۇرغىنىمغا بولغاننى نېكەم.

ئۆتكەن كۈنلەر ئۈزۈلگەن چۈشتەك،
داۋامىغا قىلدى ئىنتىزار.

مەن ساقلىدىم سۆيگۈڭنى، بىراق،
يىتتۈرۈپسەن سۆيگۈمنى نىگار.

كۆزلىرىمگە يامرىدى كەلكۈن،
مەغرۇر، بىغەم چېھرىڭگە قاراپ.
بولدى پەقەت ساداقىتىمنىڭ
ئېرىشكىنى يالغۇزلۇق، ئازاب.

3

قارلىق دالا، گۈزەل ھەم سوغۇق،
تەنھا ئىزىم ئارقامدا پەقەت.
قاردا قۇچقاچ ئىزدىگەندەك دان،
ئىزدىگىنىم سەن ۋە مۇھەببەت.

ئاھ، بۇ نەھال؟ مەن تۆككەن شۇ ياش،
لىغىلدايدۇ چاناقلىرىڭدا.
سىماسى بار يىتكەن سۆيگۈمنىڭ،
مىسكىن، غېرىب چاقناشلىرىڭدا.

1989 ـ يىل 24 ـ فېۋرال، خوتەن.

# بىر پىچاقنىڭ دەردى

مەن ئەسلىدە ئىگەمگە سادىق،
پىچاق ئىدىم، ئۆتكۈر، كېسىشلىك.
قايرىلماستىن كېسەتتى بىسىم،
ئىش بولسىلا ماڭا تېگىشلىك.

ئىشلىتىپ ئىش تۈگىگەن چاغدا،
مېنى سۈرتۈپ قويمىدى بىلەپ.
داتلاشقاندىم ھالىم خەۋەرسىز،
قوشنىلاردىن ئىشلەتتى تىلەپ.

1989 - يىل 15 - فېۋرال، خوتەن.

# تىلەك

باھار ھىدى قۇچقان ئاق كېچە،
مۇگدەر جاھان ئەتىنى كۈتۈپ.
ساز چالىدۇ بىر يىگىت مۇڭلۇق،
سۆيگۈ تولغان كۈيلەرنى تۆكۈپ.

تەگىشىدۇ قوشنىلار پات - پات،
«ساراڭ» كۈيدىن بولۇشۇپ بىزار.
توختىشىنى تىلەيدۇ شۇنچە،

رايى يوقتۇر ئاڭلاشقا زىنهار.

بىراق بىر قىز مۇشۇ كۈي ئۈچۈن،
ئۆيقۇسىنى قىلماقتا هارام.
ئاھ، تىلەيدۇ، تىلەيدۇ، كۆيىنىڭ
قىلىشىنى توختىماي داۋام ...

1989 - يىل 15 - فېۋرال، خوتەن.

## چوكىلار

جۈپ چوكىنى ئېلىپ قولۇمغا،
ئۇندا تاماق يېمەكچى بولدۇم.
نە سەۋەبكىن ئالالماي قىسىپ،
جىلە بولۇپ ھەسرەتكە تولدۇم.

نە هال بۇ دەپ ئىزدىسەم سىرنى،
ئىكەن ئەسلى چوكىدا سەۋەب.
بىرى مايماق تۈرغاچ يالتىيىپ،
تۈزى ئاڭا بولالماپتۇ ئەپ.

ئىشلىيەلمەي قاپتۇ تۈز چوكا،
بولغاچقىلا ياندىشى مايماق.
ياكى تەخسە بولمىدى بىكار،
يا ۋاقتىدا تويمىدى قورساق.

1989 - يىل 17 - فېۋرال، خوتەن.

# سەت تۇرىدۇ

سىزنى بىز ماختىساقمۇ ھېچ گەپ ئەمەس،
ماختىماق ئۆزىڭىزنى، سەت تۇرىدۇ.
باشقىلار رىزقىغا قول سوزۇپ دائىم،
قىزارتماق كۆزىڭىزنى، سەت تۇرىدۇ.

سىزنى بىز سورۇنلارغا قىچقىرىمىز،
مۆتىۋەر بىلىپ تۆرگە چىقىرىمىز.
يانچۇققا سالماق نازۇنېمەتلەرنى،
تۆكەر ئۇ يۈزىڭىزنى، سەت تۇرىدۇ.

يوق يەردە باشقىلارنى تىللاپ يۈرمەك،
«تىللاپسىز» دېسە دەرھال ساختا كۈلمەك.
سۆزلەيسىز يالغاننىمۇ گويا راستتەك،
راست قىلماق سۆزىڭىزنى، سەت تۇرىدۇ.

ھەر ئىشتا نامىڭىزنى پەش قىلىسىز،
لاپ ئۇرۇپ ئەل كۆڭلىنى غەش قىلىسىز.
يەنە دەي، قولاق سېلىڭ سۆزلىرىمگە،
ماختىماق ئۆزىڭىزنى، سەت تۇرىدۇ.

1989 ـ يىل 17 ـ فېۋرال، خوتەن.

# باھار سۈرىتى

شىلدىرلايدۇ زۇمرەت بۇلاقلار،
گۈزەل كۆكلەم، ئىشقىنى كۈيلەپ.
ئۇچار مەيىن ئەركە شامالدار،
گۈلدىن باھار ھىدىنى سۈيلەپ.

«نوتىلارنى بىزەپ غۇنچىلار»[1]
شىۋىرلىشار يىقىملىق لەزىز.
ئىرىقلاردا ئاقار كۈۋەجەپ،
لاي - لاتقىنى چايقىشىپ ئەگىز.

ھۆسىن تاپتى باغلار ياپيېشىل،
خۇددى باھار قويغان سىھىرلەپ.
داللاردا يۈرەر ئالدىراش،
قوزىلار ياش كۆكلەرنى ئىزدەپ.

ئېتىزلارغا يۆتكەيدۇ ئوغۇت،
تاشلاپ قىشلىق چاپاننى دېھقان.
قاپتاللاردا باھار ئاپتىپى،
كۆرەڭ توڭنى قىلماقتا نىمجان.

---

① بۇ مىسرا سوۋېت ئۆزبېك شائىرى خەمىت ئالىمجاننىڭ «ئۇرۇك گۈللىرى» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىنغان (ئۆزبېكچە نۇسخا)

ئېھ، بۇ باھار گۈزەل شۇ قەدەر،
سەيلە قىلار دىللاردا شادلىق.
قانماي كېتەر باھارغا مەڭگۈ،
ئاھ، بۇ ھايات، بۇ گۈزەل ياشلىق.

1989 ـ يىل 18 ـ فېۋرال خوتەن

## ھالال ۋە ھارام سۇ

مەھەللىمىز ئىچىنى توغرا كېسىپ،
ئاقار ئىدى، سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى.
قاشلىرىدا ياپيېشىل بوستان گۈزەل،
توختىمايتتى قىش ۋە ياز شاۋقۇن كۈيى.

ئەقلىمىزگە نېمىلەر كەلدى ئىكىن،
سۇغۇرۇشتۇق بېشىدا ئات ۋە ئېشەك.
سۈيىنىمۇ ئىچمىدۇق شۇندىن بېرى،
كۆڭلىمىزگە كۆزىمىز سالغاچقا شەك.

سۇ بۇزۇلدى، بولمىدى ئىچمەسكە سۇ،
ھەر تەرەپكە قاترىدۇق سۇ ئىزدىشىپ.
«ھەر نېمە ھالال ئىمىش كۆز كۆرمىسە»،
توشۇدۇق سۇ شۇنى تەكرار دېيىشىپ.

1989 ـ يىل 24 ـ فېۋرال، خوتەن.

# تەقدىر

## 1

پۇشايمانىنىڭ ئاچچىق بورىنى،
ئاھ، رەھىمسىز سوقتى تېنىمنى.
يۈرىكىمنى تارتىشتى يۇلۇپ،
ئەزرائىللار تىلەپ جېنىمنى.

ئۇرۇپ غەزەپ قىرغاقلىرىغا،
قىلدى پايخان سۆڭەكلىرىمنى.
بوغۇزۇمغا تىقتى كاللەكلەپ،
ئاشۇ ساختا تىلەكلىرىمنى.

چاڭگىلىمدا تىتىلغان بىشىم،
چۇقان سېلىپ چېكىمەن پەرياد.
تىرەجەيمەن، يىغلاپ تەڭرىگە،
تىلەپ ئۇندىن تىرىكلىك ـ ھايات.

## 2

ئاھ، بىلمەيمەن ئۇچۇپ، سوقۇلۇپ،
بىھوش بولۇپ ياتقانلىقىمنى.

تەلۋە ھېسلار ئوراپ كېپەنگە،
قاي لەھەدكە پاتقانلىقىمنى.

### 3

دىمىغىمدا يېقىملىق بىر ھىد،
قاچاندىدۇر پۇرىغان ئۆزۈم.
تازىلاپ ئۇ نەپەسلىرىمنى،
جان بېرىپتۇ، (ئېچىلدى كۆزۈم).

مەجرۇھ تېنىم تىترەر بىماجال،
قاباھەتتىن تەرلەپتۇ چېكەم.
يېتىپتىمەن ئىللىق قۇچاقتا،
بىلەلمەيمەن بولغاننى نېكەم.

ئۇ قارىدى، تىلىندى باغرىم،
خىجىللىقىم چىقتى يۈزۈمگە.
ئاھ، خۇدايىم بەرسەڭچۇ سېھرى،
كۆرمەس قىلىپ بىر جۇپ كۆزۈمگە.

ساختا تىلەك بوغدى گېلىمنى،
ئەقىدىنى كۆردى كۆزلىرىم.
ئاھ، تىلەيمەن، قۇتقۇزما مېنى،
تۇنجى بولۇپ سۆيگەن گۈزىلىم.

## 4

سەن قىلغاندا مېنى قىبلىگاھ،
مەن ئۆزگىنى قىلغاندىم قىبلە.
ئۆزۈم ۋەدە قىلغان سۆيگۈگە،
شاللاقلىقىم بولغانتى قەبرە.

1989 ـ يىل 3 ـ مارت، خوتەن.

# سولىما كەكلىكنى قەپەسكە

قارايمەن ھەيرەتتە ئېچىنىپ،
قەپەسكە سولانغان كەكلىككە.
ئەركىنلىك ئىلاھى ـــ قانىتى،
بوغۇلغان، ئەركلىكى چەكلىككە.

يوچۇقتىن تىقار باش تېنىمسىز،
ئىنتىلىپ بوشلۇققا ـــ كەڭلىككە.
ئاھ، بىلدىم: ئىكەن ئۇ ئىنتىزار،
ھەممە قۇش قاتارى تەڭلىككە.

يېمەپتۇ داننىمۇ نېچۇندۇر،
تۇرۇپتۇ سۈيىمۇ شۇ پېتى.
كۆرۈپ بۇ غېرىبلىق ھالنى مەن،
تىلىندى باغرىمنىڭ قات ـ قېتى.

كەكلىكنى سولىما قەپەسكە،
ئۇ چەكسىز كەڭلىكتە يايرىسۇن.
زورلىما ئۆزۈڭچۇن سايراشقا،
ئۇمۇ ئۆز مەيلىچە سايرىسۇن.

1989 ـ يىل 16 ـ مارت، خوتەن.

## باشقا كەلمەي بىلمەس باشقىلار

بويلىرىڭدىن چىچىپ خۇش ئىپار،
سەن كېلىسەن ئاخشامدا، نىگار.
تىنىقلىرىڭ چىكىپ دىرىزە،
ئۇخلاتمايدۇ، ئاھ، مىنى زىنھار.

تىنىقلىرىڭ چىكىپ دىرىزە،
چۈشلىرىمنى ئۈزەر سۇبھىدەم.
قۇچۇپ ئىشقىڭ سىھرى دىلىمنى،
ئىرىپ گويا سۇ بولار سىنەم.

چۈشلىرىمدە سۆيگەندە سىنى،
نەپەسلىرىڭ ئۆتەر كۆيدۈرۈپ.
ئاھ، رازىدىم كۈل بولسا جىسمىم،
ئوتۇمدا بىر قويساڭ سۆيدۈرۈپ.

مەن كۆيىمەن ئىشقىڭدا شۇنداق،

ئوتلىرىڭدا يېنىپ بېتىنىم.
باشقا كەلمەي بىلمەس باشقىلار،
سېنىڭ ئۈچۈن تەييار بۇ جېنىم.

1989 - يىل 16 - مارت، خوتەن.

## ئادەممەن، ياشايمەن ئادەمدەك

ئادەممەن، ياشايمەن ئادەمدەك،
تەقدىرىم هامان ئۆز قولۇمدا.
ئۆلسەممۇ، كۆلسەممۇ ئۆز ئىشىم،
ماڭغىلى قوي مېنى يولۇمدا،

مەن ماڭسام بېقىپ زەر قۇياشقا،
زورلىما ئۆزۈڭگە قاراشقا.
تۇغۇلغان ئەمەسمەن ئانامدىن،
ئامال قىلىپ ئۆزگىگە ياراشقا.

ئىزدەيمەن ئەجدادىم ئىزىنى،
ۋەتەن دەپ تۆكىمەن ئۇنچە تەر.
ئوزۇقۇم - مەرىپەت، بىكىرەك،
مەن ئۈچۈن هوقۇق ۋە كۈمۈش، زەر.

ئاللاهغا ياراشچۇن ئۆزۈمنىڭ،

ئوغلىنى قۇربانلىق قىلمايمەن.
خىزىرنىڭ ئىشىنى پىشسۇن دەپ،
يوقسۇلنىڭ شىخىنى يىرمايمەن.

1989 ـ يىل 16 ـ مارت، خوتەن.

## سەھەردىكى چۈش

ئاجايىپ چۈش كۆردۈم سەھەردە،
چۈشۈمدە كەلمىشمەن قەشقەرگە.
كۆرمىشمەن ھەم ماخمۇت بوۋامنى،
ئوخشارمىش كۆزلىرى ئەختەرگە.

ئۇ دىدى سۆيۈپ نۇر چېكەمگە،
«كەل، ئوغلۇم، قېشىمغا كىپىم بار.
دەپ قالما باشقىچە ئويلىنىپ،
بوپ قاپتۇ بوۋامنىڭ ئىچى تار.

ئاڭلىسام دىۋاندىن ماختىنىپ،
يۇرۇپسەن يىگىنى ياراتماي.
ئىجاد قىپ «دىۋان» دەك قامۇسنى،
نامىڭنى ئالەمگە تاراتماي.

قىرىدىم، نەپسىم سۇسلاشتى،
ياشىغىن ئىزىمنى ئۆچۈرمەي.
ئۆزۈڭ تىك بېغىڭغا گۈل، كۆچەت،
ئۆزگىنىڭ بېغىدىن كۆچۈرمەي»

ئويغاندىم، بوۋام يوق قېشىمدا،
كۆرۈندى كۆزۈمگە ئىللىتىم.
كونىنى پەش قىلىپ يۈرۈشتە،
ئەمەسكەن كەلگۈسى قىممىتىم

1989 ـ يىل 17 ـ مارت، خوتەن.

## غايىبقا

تاغلارنى تىللىما «خائىن» دەپ،
سادايىڭ ئەكسىنى بەرمىسە.
ئۇ قانداق قايتۇرسۇن جاۋابنى،
ئاۋازىڭ ئېنىقراق كەلمىسە.

چوققىلار ھېلىھەم تىك، بەردەم،
تۇرماقتا تاغلارنى ئۇلۇغلاپ.
سادايىڭ ئەكسىنى بەرسە ئۇ،
ئېنىقكى چۈشىدۇ ئۇ غۇلاپ.

قويۇۋەت ئۇنۇڭنى، ئەي غايىب،
تىترەتسۇن سادايىڭ سامانى.
تاغلارنى تىللىماي «خائىن» دەپ،
ئويغاتقىن ئۇيقۇچان دالانى!

1989 ـ يىل 18 ـ مارت، خوتەن.

## كۆزلەر

ئەگەر توسۇپ تۇرمىسا قاشلار،
كۆزلەر بىردەم پېتىشماس ئىمىش.
بىر ـ بىرىنى يېمىسە ھەتتا،
كۆڭلى ئەمىن تېپىشماس ئىمىش.

ئويلاپ قالدىم، ئاشۇ كۆزلەرنىڭ،
نە سەۋەبتىن زىتلىقى زادى؟
بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ،
قاشلار توسسا بولغىنى رازى؟!

1989 ـ يىل 27 ـ مارت، خوتەن.

# كۆيمەك ئاسان، «كۆيدۈم» دېمەك تەس

سەن ئۈنچىلا گۈزەلمۇ ئەمەس،
خالىي يۈزۈڭ پەرداز، بوياقتىن.
نامىڭمۇ يوق ھەركىمگە يادا،
لېكىن ئوماق سەن ھەر ئوماقتىن.

جورىمايسەن كىشى كۆپ يەردە،
قىزىقمايسەن نەزەر يىغىشقا.
ئاشىق بولدۇم ساڭا قانداقچە،
ئاھ، بىلمەيمەن كۆيدۈم نېمىشقا؟

ئۆتتى كۈنلەر، شۇ شېرىن ئازاب،
مېنى ئۈنتۈپ كەتمىدى ئۈزاپ.
يۈردۈم سېنىڭ جىسمىڭ يۆلەنگەن،
تېرەكلەردىن ھىدىڭنى پۈراپ.

گاھ خىيالدىن تېپىپ تەسەللى،
ۋەسلىڭ قۇچۇپ كۈلىمەن تاتلىق.
كۈلكەم بۇزۇپ خىياللىرىمنى،
ۋۇجۇدۇمدىن قاچىدۇ شادلىق.

كۆيدۈم ساڭا، «كۆيدۈم» دېمىدىم،
چۈنكى ماڭا ئازاب كۆيمىسەڭ.
«خاپا بولماڭ، مەيلىم يوق» دېمەي،
مەيلى ئىدى مېنى سۆيمىسەڭ.

1989 - يىل 27 - مارت، خوتەن.

# سەن باقمايسەن ماڭا، مەن ئاڭا

سەن يۈرسەن بىر گۈلنى ماراپ،
مەن يۈرىمەن ئىزىڭنى ساناپ.
ھەر ئىككىمىز كۆڭۈل كەينىدە،
بىزگە ئورتاق شۇ بىرلا ئازاب.

مەن يۈرگەنگە ئىزىڭنى ساناپ،
مېنى كىملەر يۈرەركىن ماراپ.
سەن باقمايسەن ماڭا، مەن ئاڭا،
كۆرمەي ۋىسال چېكىمىز ئازاب.

كۆرمەي ۋىسال چېكىمىز ئازاب،
باقمىغاننىڭ ئىزىنى ساناپ.
پاك مۇھەببەت تاپار قەدرىنى،
ئۆز كۆرۈنگەن گۈلگىلا قاراپ.

1989 - يىل 29 - مارت، خوتەن.

# ھەر ئىككىمىز تۆكۈپ دەردلىك ياش

**1**

سەن ئۆتكەندە چاقناپ يېنىمدىن،
تىترەك سىرتقا تېپەر تېنىمدىن.
ئەيىبكاردەك ئالدىڭدا گويا،
شەپەق ئورۇن ئالار بېتىمدىن.

**2**

كۆيلىرىمدە سېنىڭ تىنىقىڭ،
يۈرىكىڭدە مېنىڭ سۈرىتىم.
ئاھ، سۆيۈشتۇق پىنھاندا بىھوش،
يۈرەكلەردە بۇزۇلدى رېتىم.

**3**

قەدىرلەشتۇق سۆيگۈنى، بىراق،
بىر ياستۇقتا قويالمىدۇق باش.
ئايرىلىشقا قوشۇلدۇق ئەجەب،
ھەر ئىككىمىز تۆكۈپ دەردلىك ياش.

1989 ـ يىل 29 ـ مارت، خوتەن.

# باھار خىسلىتى

كۆي كۆيلىسەم باھارغا ئاتاپ،
دېدىڭ «ھېچكىم يازمىغاننى ياز.
باھار يېڭى نەرسە ئەمەسقۇ،
بۇ ھەقتە كۆي قېتىلمىدى ئاز».

سۆزۈڭ توغرا، لېكىن ھەر باھار،
قىلار ئىكەن ئۆزگىچە خۇش ناز.
باھار بەرگەن نېمەت ئالدىدا،
يازغىنىمىز تېخى بەكمۇ ئاز.

شۇڭا قوشاق قاتتىم باھارغا،
چۈنكى باھار رېئال بىر جەننەت.
ئىنسان ئۈچۈن گۈزەللىك ياساش،
باھاردىكى ئەڭ ئېسىل خىسلەت.

1989 ـ يىل 29 ـ مارت، خوتەن.

# ئالتۇن

سۆز ئېچىپ مېتاللارنىڭ خىسلىتىدىن،
ئالتۇننى قويدۇق ئۈستۈن ھەممىسىدىن.
كىم بىرى: «كەم تېپىلغاچ ئالتۇن دېگەن،
پۇلىمۇ شۇنچە قىممەت» دېدى بىردىن.

ياق ئۇنىڭ قىممەت باھا بولۇشىدا،
كەمدىن كەم تېپىلىشى سەۋەب ئەمەس.
قىممىتى شۇكى ئۇنىڭ داتلاشماسلىق،
پارقىرا داتلاشمىسا ھەر نەرسە، بەس …!

1989 - يىل 30 - مارت، خوتەن.

# سۆيگۈ ۋە چىراي

«سەت» نى سەت دەپ ياراتماي يۈرۈپ،
«چىرايلىق» نىڭ تارتتىم دەردىنى.
چىرايلىققا يارىماي بىراق،
مۇھەببەتنىڭ بىلدىم قەدرىنى.

1989 - يىل 30 - مارت، خوتەن.

## شائىر تەبىئەت

پىچىرلىشىپ ياقۇت ياپراقلار،
تەبىئەتكە تۆكەر سىرىنى.
ئەركە شامال ئۇرار دىماغقا،
ئۇنىڭ ساپ ۋە ئاددىي ھىدىنى.

پىچىرلىشىپ ياقۇت ياپراقلار،
كۆيلىگەندە باھار ئىشقىدا.
كاككۇك ئۇنى سىلىپ ئاھاڭغا،
ئېيتار ناخشا دەرەخ شېخىدا.

ئاھ، تەبىئەت — ئۆزى بىر شائىر،
باھار ئۇنىڭ لىرىك تەسۋىرى.
چالسا ئاھاڭ ياپراقلار ئاڭا،
ناخشا ئېيتار قۇشلار ھەربىرى.

1989 ـ يىل 30 ـ مارت، خوتەن.

# بۇ دۇنيا، بۇ هايات

بىرلىرى تەپەككۇر كانىدىن،
ئۇنچىلەر تىزسا ئاق قەغەزگە.
بىرلىرى ئولجىغا چېچىپ دان،
تەلمۇرەر قۇۋلۇقتا پەغەزگە.

بىرلىرى تۇپراققا تەرسە دان،
ئۆزگىسى ئاش سېتىپ باقار جان.
يېرى يوق كېكىرسە گۆش، پولۇ،
ئاش تەرگەن يۇرەر ئاچ غاجاپ نان.

بىرلىرى غادايسا پىكاپتا،
بىرلىرى ئېشەكنى سۆرەيدۇ.
بىرلىرى جاڭگالدا ئوتۇنچى،
لېكىن ئۇ هارارەت كۆرمەيدۇ.

بىرلىرى خۇدادىن قورقىسا،
تىلەيدۇ ئىنساندىن پاناهلىق.
بىرلىرى غوۋغادىن قورقىدۇ،
لېكىن ئۇ ئاراملىق كۆرمەيدۇ.

بىرلىرى تۇرۇپمۇ بىر ئىنسان،
بولىدۇ ئىنسانىنىڭ ئېشىكى.
تۆمۇرنى ئۇچۇرغان هۇنەرۋەن،
بوپ قالار گاهى شاه دېدىكى.

بىرلىرى ئازدۇرۇپ ئەجەلنى،
ياۋاشنىڭ قېشىغا يوللايدۇ.
مىزانغا توشمىغان بۇ ئىشنى،
نىچۇندۇر خۇدامۇ قوللايدۇ.

بىرلىرى ئىشلىمەي، تەر تۆكمەي،
ئىشچاندىن ياخشىراق كۆكلەيدۇ.
بىرلىرى چىڭ تۇرۇپ هەق يولدا،
شۇنىڭغا باب چىنلىق كۆرمەيدۇ.

ساۋاتسىز، مۇستەبىت خاقانغا،
قۇل بولار ئاق كۆڭۇل ساۋاتلىق.
ئاه، شۇنداق تەڭ ئەمەس بەش بارماق،
مانا بۇ — دۇنيا، بۇ — هاياتلىق.

1989 - يىل 31 - مارت، خوتەن.

# دېھقان كۆڭلى

تەردى ئاش ھاياتنى چىن سۆيگەن دېھقان،
ئاققوزوپ تۇپراققا جىسمىدىن جەۋھەر.
كۇن پاتسا قايتتى ئۇ ئۆيگە ماجالسىز،
بىر چىقىپ ئالغانچە ئېتىزغا سەھەر.

تۇندى تالاي رەت ئېچىق بېشىدا،
تىنمىدى ئايىغى ئۆستەڭ ياقىلاپ.
پىژقىرىم ئىسسىقتا ئوتىدى ئوتاق،
ھاياتنىڭ رىشتىنى ئېتىزغا باغلاپ.

ھە، مانا پونكىتتقا يول ئالدى خۇشال،
قاچىلاپ تاغارغا تۆككەن تېرىنى.
ئاھ، نەچچە دەرماندىن كەتكەن ئىدى ئۇ،
يىغقۇچە بۇ ئاشنىڭ ھەربىر سېرىنى.

بىر ھارۋا شۇنچە تەس كۆتۈرگەن ئاشتىن،
كەلگەن پۇل سىقىمغا توشمىدى بۇگۇن.
ۋە لېكىن شۇ ساددا دېھقان كۆڭلىدە،
قالمىدى زەررىچە ئېتىزدا، توگۇن.

ئالغانتى بازاردىن جۇپتىگە ئاياغ،

تۆگىدى بىر تاغار بۇغداينىڭ پۇلى.
يا شۇنداق بەركەتسىز بولامدۇ ھەي ـ تاڭ،
پۇل تۈتۈپ كۆنمىگەن دېھقانىنىڭ قولى؟!

خۇشال كېپ بازارغا قايتتى پەرىشان،
ئالتە ياز كىم ئۇچۇن قىلدى ئۇ مېھنەت؟
ئاھ، نېچۇن پەرىشان بولمايدۇ كۆڭلى،
پۇل پاخال، تاۋارلار بوپ كەتسە قىممەت؟!

1989 ـ يىل 1 ـ ئاپرېل، خوتەن.

# ئۆتمۈش بولۇپ قالدى مۇھەببەت

ئۆكسىمىگىن، بولدى، ئەي نىگار،
مەن كېتەرمەن بۇ يەردىن شۇنداق.
كەتمەسلىككە ئامال يوق زىنھار،
ئۆرتىسىمۇ قەلبىمنى پىراق.

ئۇنۇم يەتمەس ساڭا يىراقتىن،
چۈشلىرىڭدە بولارمەن ئايان.
تىنىقلىرىڭ كەتمەس دىماغتىن،
قىلىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى بايان.

ئاي پارلىغان سۈزۈك ئاخشامدا،
سۆيۈشكەنتۇق چوغلىنىپ لەۋلەر.
مەن كۈيلىگەن سېنى ناخشامدا،

ئۇنتۇلماستۇر ئۇ شېرىن دەملەر.

ئۆكسىمىگىن، بولدى قىل نىگار،
كۆرەلمەيمەن سېنى مەن ئەبەد.
سەن قەلبىمگە مەڭگۈلۈك دىلدار،
ئۆتمۈش بولۇپ قالار مۇھەببەت.

1989 - يىل 27 - مارت، خوتەن.

## تاك ئىشقى

شاۋقۇنلايدۇ ئۇرمان تېنىمسىز،
بۇزۇپ تۈننىڭ شېرىن چۈشىنى.
ئېلىۋالار قېتىغا شامال،
يۈرۈكۈمنىڭ جۇشقۇن كۈيىنى.

ھېسلىرىمنى ئوراپ نۇرىدا،
ئاي تۆكىدۇ كۈمۈش رەڭ شولا.
ياشلىقىمدىن بالقىغان ئارمان،
نۇر چېھرىدە ئەيلەيدۇ جولا.

ئۇخلىمايمەن ئالدىنىپ تۈنگە،
بەزلىشىگە كۆنمەيمەن ئۈنىڭ.
ھالسىرايمەن قۇياشنى ئىزدەپ،
چىقىشىنى تىلەيمەن ئۈنىڭ.

ئارمانلىرىم چاقماق بولۇپ گاھ،
تۇن باغرىغا ئۇرىدۇ خەنجەر.
گۈزەل نۇردا بولىدۇ زاھىر،
مەن زارىقىپ ئىزدىگەن دىلبەر.

ۋۇجۇدۇمنى سىلىپ لەرزىگە،
قۇياش ئۇنى كېلەر يىراقتىن.
تاڭ سۇزۇلەر شالاڭلاپ يۇلتۇز،
خالاس قىلىپ دىلنى پىراقتىن.

مىلەپ تۇننىڭ باغرىنى قانغا،
يەرنى سۆيدى قۇياش زىياسى.
ئاڭلىنىدۇ يىراق - يىراقتىن،
مەغلۇپ تۇننىڭ پەرياد، نىداسى.

1989 - يىل 28 - ماي، خوتەن.

# ماۋزۇسىز

تىترەپ يېلىڭ كىيىنگەن گۈزەل،
مەش يېنىغا كەلدى دۈگدىيىپ.
كېلىشۋىدى كانچى بىر يىگىت،
قاچتى نېرى بۇرنىنى ئۆرۈپ ...

## ياتار يەردە ئۆزۈلگەن بىر گۈل

ياتار يەردە ئۆزۈلگەن بىر گۈل،
شۈنچە سولغۇن، ھىدسىز، جۇلاسىز.
دەسسىۋېتىپ كېتىپتۇ بىرى،
تۇرسىمۇ گۈل زەررە گۇناھسىز.

قايسى قولكىن ئۇ گۈلنى ئۈزگەن،
پۇراپ بولۇپ تاشلاپتۇ ئەجەب.
ئۈزگەندىكىن تاشلىمىسىچۇ،
ياكى تۇرسا بەرگىنى بېزەپ.

گۈلگە قاراپ سىرىلدى ئىچىم،
ئۆزدى نېچۈن ئۇنى بەرگىدىن.
لېكىن گۈلنىڭ ئىشقى تېپىلماس،
ئۈزگۈچىنىڭ زەئىپ قەلبىدىن.

1989 - يىل 29 - ماي، خوتەن.

## خادا تاش

تەلۋە دېڭىز قۇتراپ تۇشمۇتۇش،
ساھىللارنى يالمىدى دولقۇن.
خادا تاشقا ئۇرۇپ ئۆزىنى،
غالجىرلارچە كۆتۈردى شاۋقۇن.

شۈنچە شىددەت ئۇرسىمۇ دولقۇن،
يىقىلمىدى خادا تاش يەنە.

-

تۇردى بەلكى تاۋلىنىپ مەزمۇت،
دولقۇنلارنى قىلىپ مەسخىرە.

ھالسىرىدى دېڭىز ئاخىرى،
مەغلۇپ بولۇپ ھۇجۇمدا ئۇدا.
خادا تاشقا تىزلاندى يىغلاپ،
قىلالمىغاچ ئۆزىنى خۇدا.

1989 - يىل 19 - ئىيۇن، خوتەن.

## قار كۆچكەنمۇ قەلبىڭگە

قارلىق دالا، توزۇيدۇ ئاق قار،
سەن كېلىسەن تۇماننى يېرىپ.
مەن بارىمەن ئالدىڭغا بوپ زار،
كۆزلىرىڭگە ئۇمىدلىك بېقىپ.

سەن ئۆتىسەن ماڭا بىنەزەر،
قالار كۇلكەم لېۋىمدە قېتىپ.
بولۇپ قالسام دەيمەن قار ئەگەر،
چۇشەر ئىدىم بېشىڭغا يېغىپ.

سېنى قاردا كۇتۇپ مەن شۇنداق،
نەزەرىڭگە چۇشمىدىم زىنھار.
قەلبىڭ نېچۇن قاردەك ئاق، سوغۇق،
كۆچكەنمۇ يا قەلبىڭگە ئاق قار؟!

1989 - يىل 21 - ئاۋغۇست، خوتەن.

# تەنها هايات ـ ئۆكسىگەن جاھان

كۆل بويىدا تۇرار تەنها بىر گۈزەل،
مەجنۇنتالنى تاراپ نازۇك قولىدا.
گاھى ئۈزۈپ تاشلار كۆلگە يوپۇرماق،
ۋىچىرلىشار قۇشقاچلار ئوڭ ـ سولىدا.

تىن ئالماي گاھ قۇلاق سالار ئەتراپقا،
تونۇش شەپە ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇپ.
ئۆپۆق بىلەن رەڭ تالىشار گۈل چېھرى،
كېتەر تېخى ئۆزىچىلا ئۇيۇلۇپ.

كۈنمۇ پاتتى مىلەپ قانغا ئۇپۇقنى،
ئاستى ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ئاق مارجان.
سىڭىپ كەتتى كۆلگە ئۈمىد ـ شادلىقى،
يۈرىكىنى قۇچۇپ ئاچچىق ھاياجان.

ئەسلى شۇنچە كۆڭۈللۈك بۇ كۆل بويى،
كۆمدى بۈگۈن ئۇنى مىسكىن كۈيىگە.
پۈتۈن جاھان ئالدامچىدەك بىلىنىپ،
ئۆكسۈگەنچە قايتتى گۈزەل ئۆيىگە.

1989 ـ يىل 11 ـ نويابىر، خوتەن.

## ئۆلگەن يۈرەك

يۈرىكىمنى سورىما ئەمدى،
ئۇ بىچارە ئۆلگەن ئازابتا.
دەپنە قىلدىم مىسرالىرىمغا،
جەسىتىنى يۈيۈپ هاراقتا.

ئالدى ئۇنى غېرىب قوينىغا،
قەبرە بولۇپ مىسكىن لىرىكام.
ماتەم تونى كىيىپ ئەمدى سەن،
ئۇنى قايتا قىلما بىئارام.

1989 - يىل 11 - نويابىر، خوتەن.

## ئاشىق قەبرىسى

شۇنچە غېرىب ئاددىي بىر قەبرە،
گۈلدەستىمۇ قويماپتۇ بىر كىم.
دۇئاغىمۇ كەلمەپتۇ بىرسى،
ئاڭا قاراپ سىرىلدى ئىچىم.

ئۇنى چۈمكەپ ئۇخلايدۇ قىياق،
ۋىسالى يوق سۆيگۈنى چۈشەپ.
ئاھ، بوز تورغاي سايرايدۇ مۇڭلۇق،
پاك ئەقىدە - ۋاپانى كۈيلەپ.

1989 - يىل 11 - نويابىر، خوتەن.

# ھاياتلىق كالېندارى

تۆكۈلمەكتە سارغايغان غازاڭ،
مەيۈسلۈككە ئەسىر تەبىئەت.
بوۋاق كۈلەر، بوۋاي خۇرسىنار،
تەكرار بۇ ھال ھەر يىلى بىر رەت.

تۆكۈلمەكتە سارغايغان غازاڭ،
يېشىللىقنى چۈشەر تەبىئەت.
چال كېلىدۇ نەۋرىسى بىلەن،
ۋۇجۇدىدا ئۈمىد ۋە ھەسرەت

1989 - يىل 30 - نويابىر، خوتەن.

# ھاياتلىق يولى

تاغ باغرىدا يۈرەر ئوتلاپ ئانا كىيىك،
ئاق سۈت يىغىپ يالغۇز قالغان ئوغلىقىغا.
تىكەر ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە،
ئاڭلانغاندەك بولسا شەپە قۇلىقىغا.

مۆكۈپ ياتار مىلتىق تۇتۇپ ئوۋچىمۇ ھەم،
كېلىپ قالسا ئولجا ئەگەر ئاتارمەن دەپ.
ئۆيدە ئۈمىد بىلەن قالغان باللىرىنى
گۆش، ياغ بىلەن راسا ئوبدان باقارمەن دەپ.

بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدۇر ئەنە شۇنداق،
سېنىڭ يىغاڭ ئېلىپ كېلەر ماڭا شادلىق.
ئەگەر ھەر كىم ياشىسىدى پاك نىيەتتە،
ئۆتەر ئىدى كۈنلەر دېگەن شۇنچە تاتلىق.

1989 ـ يىل 30 ـ نويابىر، خوتەن.

# بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر

قارايمەن زوقۇم كېلىپ كەڭ دالىغا،
كۈلىشەر گۈل ـ غۇنچىلار زەپ جىلۋىدار.
توشۇيدۇ سەلكىن شامال ھەر تەرەپكە،
گۈللەرنىڭ قات ـ قېتىدىن مۇشكى ئىپار.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر،
ئاھ، شۇنداق كۆركەم، گۈزەل بىزنىڭ دىيار.

قارايمەن ئاق لېچەكلىك تىك تاغلارغا،
تۇرىدۇ قۇياش بىلەن قۇچاقلىشىپ.
قاندۇرار مۇنبەت زېمىن تەشناسىنى،
ئۇنىڭدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلار تېشىپ.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر،
ئىستىقبال رەناسىغا كۈلگەن بېقىپ.

قارايمەن ئوت ـ سۈيى مول ياپلاقلارغا،
«يېشىللىق دۇنياسىدۇر ئېتەكلىرى»
چايقىلار گويا خۇشناز پەرىلەردەك،

ئۇندىكى ھەر گۈل ـ گىياھ چېچەكلىرى.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر،
شۇ قەدەر ياراشقانكى بېزەكلىرى.

قارايمەن ئەل قورغىنى ـ چېگرالارغا،
قاراۋۇل ھوشيار، ئويغاق كېچە ـ كۈندۈز.
كۆيگەچكە ئۇلار قەلبى يۇرت ئىشقىدا،
تىكەلمەس بەختىمىزگە رەقىبلەر كۆز.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر،
تەرىپى، تەسۋىرىگە يەتمەيدۇ سۆز.

يەلپۈنەر ئېتىزلاردا يېشىل مايسا،
ئىشچانلار كۈيلىشىدۇ مېھنىتىنى.
ئايلىنىپ ئۇلار ئەجرى ساپ ئۇنچىگە،
ئۇلۇغلار ئانا تۇپراق قىممىتىنى.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر،
ئاشۇرغان مېھنەت ـ ئەجىر ئىززىتىنى.

قارايمەن كۆكنى سۆيگەن ۋىشكىلارغا،
ئۇلاردىن قويۇق ئورمان بولغان ھاسىل.
كۈيلىشەر ماي بۇلاقلار نېفىتچىنى،
ئۇلارنىڭ ھىممىتىگە بولۇپ قايىل.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام ـــ ۋەتىنىمدۇر،
يېتىلگەن ئەل ئەجرىدە شۇنچە قابىل.

زېمىننى دېسەم گويا ئوتلۇق بىر كۆز،
ئورمانلار كىرپىك بولۇپ ياراشقاندۇر.

قاش بولۇپ ئۇزۇن - ئۇزۇن تاغ ئىزمىسى،
چۆرىدەپ كۆزنى مەھكەم تۇتاشقاندۇر.
بۇ مېنىڭ تۇغقان ئانام — ۋەتىنىمدۇر،
ھۆسنىگە كۆزلەر مەپتۇن قاراشقاندۇر.

تۇغۇلدۇم سەندە بەخت تاپتىم، ۋەتەن،
تۆكۈلدى كىندىكىڭگە كىندىك قېنىم.
سۈت بەردىڭ شۇنچە ئەزىز، شۇنچە لەزىز،
يايرىدى قۇت ئىچىدە ھەردەم جېنىم.
تېپىلماس تەسۋىرىڭگە سۆز، ۋەتىنىم،
تەگمىسۇن دەيمەن ساڭا كۆز، ۋەتىنىم.

1989 - يىل 29 - 30 - نويابىر، خوتەن.

# كۈيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم

ئاخشام ئويلاپ ياتقانمىدىڭ مېنى سەن،
كىرىپ قاپسەن تەڭ كېچىدە چۈشۈمگە.
يۈرىكىمدىن قوغلاپ ھىجران دەردىنى،
كىردىڭ گۈزەل ۋىسال باشلاپ ئۆيۈمگە.

كۆيدۈرگەندە تىنىقلىرىڭ لېۋىمنى،
قۇت يۈزلەندى مۇڭغا تولغان كۈيۈمگە.
كۈيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم،
كىرىۋەرگىن ھەر كېچىسى چۈشۈمگە.

1989 - يىل 1 - دېكابىر، خوتەن.

## دېرىزەمدىن ئاي مارىسا جۇلالاپ

دېرىزەمدىن ئاي مارىسا جۇلالاپ،
ئەسكە چۈشەر ئاشۇ لېۋەن بېقىشىڭ.
ئاينى ئوراپ جىلۋە قىلسا يۇلتۇزلار،
تەكرارلىنار ئىشقىمغا ئوت يېقىشىڭ.

دېرىزەمدىن ئاي مارىسا جۇلالاپ،
سۆيۈنىمەن كۆرۈپ سېنى ئويۇمدا.
ئاھ، نەقىلاي، تەقدىر دېگەن ئېزىتقۇ،
بالا تۇتۇپ ئولتۇردۇڭ سەن تويۇمدا ...

1989 - يىل 1 - دېكابىر، خوتەن.

## مەن سۆيىمەن تەبىئەتنى مېھرىم بىلەن

مەن سۆيىمەن تەبىئەتنى مېھرىم بىلەن،
ئۇ بېرىدۇ كۆيلىرىمگە مەنە، بوياق.
مەن سۆيىمەن تەبىئەتنى ئىشقىم بىلەن،
دىل سىرىمنى ئاڭلايدۇ ئۇ سىلىپ قۇلاق.

مەن سۆيىمەن تەبىئەتنى مېھرىم بىلەن،
ئۇ بېرىدۇ ھەر كۈن ماڭا يېڭى نەپەس.
مەن سۆيىمەن تەبىئەتنى ئىشقىم بىلەن،
ئۇ ئويغاتقان يۈرىكىمدە سۆيگۈ - ھەۋەس.

مەن سۆيمەن تەبىئەتنى مېھرىم بىلەن،
ئۇنىڭ بىلەن تۆرەلگەندۇر تىلەكلىرىم.
مەن سۆيمەن كەڭلىكلەرنى ئېچىپ قۇچاق،
ئۇندا يانار يۇلتۇز بولۇپ ئىستەكلىرىم.

مەن سۆيمەن تەبىئەتنى مېھرىم بىلەن،
يېيىلغاندۇر ئارمانلىرىم ئاڭا پەۋەس.
مەن سۆيمەن تەبىئەتنى باغرىم يېقىپ،
ئۇ ئويغىتار مەندە ھەر كۈن يېڭى ھەۋەس.

1989 ـ يىل 1 ـ دېكابىر، خوتەن.

# بېلىقلار ئىسيانى

چايقىلىدۇ دېڭىز بىتىنىم،
گىرۋەكلەرنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ.
لەيلەپ يۈرەر كېمىلەر سەرسان،
بۇزغۇن ئۇنى تاشلايدۇ كۆمۈپ.

ئەجدىھادەك غازىلداپ قاينام،
يۇتتى ئاخىر سەرسان كېمىنى.
بەربات بولۇپ چېرىك، سېسىق تور،
بېلىقلار شاد ئالدى دېمىنى.

چايقىلىدۇ دېڭىز بىتىنىم،

شاۋقۇنلاردا تەنتەنە كۈيى.
قۇرىمىسۇن، ئۇلغايسۇن يەنە،
بىلىق ئۈچۈن دېڭىزنىڭ سۈيى.

1989 ـ يىل 5 ـ دېكابىر، خوتەن.

## مېنى ئەمدى ئىزدىمە دىلدار

مېنى ئىزدەپ تۆكمە ئەمدى ياش،
تاپالمايسەن تونۇش ئورماندىن.
چۈشمەس ئىزىم ئىزىڭغا يانداش،
ئۇنۇم كەلمەس سىرداش ماكاندىن.

مېنى ئەمدى ئىزدىمە، دىلدار،
ژىسال بەرمەس تەكرار ئىزدىشىڭ.
غۇرۇرۇمغا سىغمايدۇ زىنھار،
خەقنى سۆيۈپ، مېنى سىنىشىڭ.

1989 ـ يىل 5 ـ دېكابىر، خوتەن.

## تۈن لىرىكىسى

كەچكى ئۇپۇق ئۆچتى رەڭگىدىن،
چىقتى ئاستا ئاي پەرى كۈلۈپ.
جۇلالايدۇ يۇلتۇزلار يارقىن،
يەرگە كۆڭۈل سىرىنى تۆكۈپ.

بىرىپ تىنىق جىمجىت دالىغا،
جۇپ گەۋدىلەر كىلەر ياندىشىپ.
غايىب بولار يەنە دالدىغا،
كۆرۈنۈشلەر تۇرار ئالمىشىپ.

شىۋىرلايدۇ ئىنتىزار لەۋلەر،
قۇشقاچلارنىڭ بۇزۇپ چۈشىنى.
ئۇزۇلمەيدۇ بۇ شىرىن دەملەر،
تۈن قوينىغا چىچىپ كۈيىنى.

1989 - يىل 5 - دېكابىر، خوتەن.

# تەكلىماكان لىرىكىسى

خىيالىم پەر قىقىپ ئۇچتى ئۆتمىشكە،
نەزىرىم ئاستىدا بىپايان كەڭلىك.
چەكسىز قۇم يالترار ئوخشاپ كۈمۈشكە،
زەر قۇياش ئالەمگە سۇرگەندە ئەڭلىك.

ئاھ، مانا ئالدىمدا ياتار خورسىنىپ،
قۇملارغا يەم بولغان قەدىمىي شەھەر.
چاقنايدۇ بۇندىمۇ قۇياش نۇرلىنىپ،
ۋە لېكىن قوينىدىن كۆچكەن قۇت - زەپەر.

ياتىدۇ مۇڭلىنىپ قۇملار كۆكسىدە،

قەلئەنى چۆرىدەپ سىپىل تاملىرى.
شاماللار سەرگەردان كونا كۆلىدە،
تۆپراقتا ئايلانغان كومزەك، جاملىرى.

چىلىقار نەزەرگە قەدىم ئىسكىلىت،
ئايلانغان قاقشالغا تاشلاندۇق ئورمان.
كۆيلىشەر قەبرىلەر ئىچىننشلىق بىيىت،
كۆمۈلگەن ئۇ ئىيتقان قوشاقتا ئارمان.

نەدىندۇر يىقىملىق ئۈنلەيدۇ بىر قۇش،
خارابە باغرىغا چىللاپ سائادەت.
ئاھ، شۇ چاغ ئىدرىكىم بولغاندەك بىھوش،
رەڭ ئاچتى ئالدىمدا بىر تۇس كارامەت.

گوياكى بىرىدىن ئىشتكەندەك قىسسە،
كۆرۈندى ئالدىمدا ساماۋى دۇنيا.
جەسەتكە جان بېرەر سۈيىنى ئىچسە،
ئاقىدۇ شاۋقۇنلاپ سۈپسۈزۈك دەريا.

ياپپېشىل باغلاردىن چېچىلار ئىپار،
ئۇچىدۇ ئۆيلەردىن بەختىيار كۈلكە.
ئاھ، خۇددى باغرىغا تارتقاندەك نىگار،
مەستخۇشمەن، ئەتراپىم ئورالغان گۈلگە.

ياڭرايدۇ يۈرەكنى سىلىپ لەرزىگە،
شۇ قەدەر يىقىملىق، تەمبۇرنىڭ ئۈنى.

يەتكۈزۈپ ئاشىقنى سۆيگۈ ۋەسلىگە،
ئاڭلىنار ۋاپا ۋە سەلتەنەت كۈيى.

ئاھ، مانا ئۇخلىماي كۆردۈم گويا چۈش،
يوقالدى ئالدىمدىن ئۇ گۈزەل دۇنيا.
يوقالدى ئاھ نەگە كۆركەم كۆرۈنۈش،
يوقالدى قوينۇمدىن گۈزەل بىر رەنا.

ئاھ، مانا، ئالدىمدا ياتار خۇرسىنىپ،
قۇملارغا يەم بولغان قەدىمىي شەھەر.
چاقنايدۇ بۇندىمۇ قۇياش نۇرلىنىپ،
ۋە لېكىن قوينىدىن كۆچكەن قۇت - زەپەر.

قۇياشقا قاقلىنىپ ئۇخلايدۇ چاتقال،
تۆگىلىك كارۋاننى كۆرۈپ چۈشىدە.
ئۇچۇرار قۇملارنى ئېزىتقۇ شامال،
غېرىبلىق نامايان تورغاي كۈيىدە.

چۈشەندىم، بۇ بىزنىڭ تەكلىماكانكەن،
كۆمۈلگەن تەكتىگە بۈيۈك بىر دۇنيا.
دېمەككى بۇ جايىنىڭ تەكتى ماكانكەن،
ئاچامدۇق بىز ئۇنى ۋە ياكى خۇدا؟!

1989 - يىل 21 - دېكابىر، خوتەن.

# مەن دەريادىن ئىزدىدىم كىچىك

ساھىل بويلاپ يۈرىمەن تەنھا،
كىچىك ئىزدەپ قارشى قىرغاققا.
نەرە تارتىپ ئاقىدۇ دەريا،
دولقۇن ئېتىپ يىراق - يىراققا.

بىر دەريانىڭ سۈيى بۇ ئەجەب،
ئېقىنشلىرى ئوخشىماس لېكىن.
بەزى يېرى ئاقسا كۆۋەجەپ،
بەزى جايى ئاقىدۇ تەمكىن.

جىمجىت ئاققان بىر يەرنى كۆرۈپ،
ئۇنى ئەپلىك كىچىك تاللىدىم.
كىرىش بىلەن كەتتىم تەڭ چۆكۈپ،
بولدى مۈشكۈل ھايات قالمىقىم.

بىلدىم، جىمجىت ئاققىنى ئۇنىڭ،
ياۋاشلىقتىن بەرمەسكەن دېرەك.
ئولجىسى بوپ كېتەركەن سۇنىڭ،
ئەگەر كىمكى بولمىسا زېرەك.

1989 - يىل 22 - دېكابىر، خوتەن.

# «كۆزى يامان» قىز

كۆزلىرىڭدىن تۆكۈپ سېھرى ئوت،
باققان ئىدىڭ ماڭا زوقلىنىپ.
قانداق كېسەل تەگدى ۋە نەگە،
بىلەلمەيمەن، كەتتىم تولغىنىپ.

شۇندىن بېرى قاچتى ئارامىم،
كۆزۈڭ تەگكەن ئوخشايدۇ ماڭا،
ئىشتكەن بولسام «كۆزى يامان» دەپ،
كۆرسەتمەستىم قارامنى ساڭا.

1989 ـ 23 ـ دېكابىر، خوتەن.

# بەيگىدە

قەھرىڭ بىلەن ئۇردۇڭ بىر كاچات،
يىقىلمىدىم، تۆكمىدىم ھەم ياش.
نىم كۆڭلىمگە بەردى تەسەللى،
ئىچ ـ ئىچىڭدىن ئۆرلىگەن ئاداش.

تاياق يېگەن بولدۇم سېنىڭدىن،
بىراق زەربە يەتمىدى ماڭا.
مىڭ كاچاتتىن ئارتۇق بولدى دەرد،
شەرەپ قۇچقان ئەمگىكىم ساڭا.

1989 ـ يىل 23 ـ دېكابىر، خوتەن.

## يىرتىلغان سۈرەت

كۆيۈش، سوۋۇش يېڭىلىق ئەمەس،
تەكرارلاندى بىزدىمۇ شۇ هال.
دىل تولمىسا ۋاپاغا پەۋەس،
قۇچالمايدۇ مۇھەببەت ۋىسال.

ئەۋەتىپسەن، تەگدى قولۇمغا،
پارە - پارە بولغان سۈرىتىم.
بېغىشلىدى ماڭا قۇت بۇ هال،
كۈلكە چاچتى تاتارغان يۈزۈم.

پارە - پارە بوپتۇ سۈرىتىم،
لېكىن ۋايساپ چىقارماپتۇ ئۈن.
بىلدىم ئۇنىڭ يىرتىلىشىدىن،
مەن قەلبىڭدە ئىكەنمەن پۈتۈن.

1989 - يىل 23 - دېكابىر، خوتەن.

## سايەمگە تەبىر

1

گاھ ئالدىمدا گاھى كەينىمدە،
پايپېتەك بوپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن.
بۇ هالىڭنى دەيدۇ غالچا - قۇل،
بولسا كىمكى سېنى بىر كۆرگەن.

2

نىمە قىلسام دورايسەن ئەينەن،
ئۆزۈڭ بىلىپ قىلغان ئىشىڭ يوق.
ئۆلەرسەنمۇ مەن بىلەن ھەتتا،
تەگسە ئەگەر ماڭا غايىب ئوق؟!

3

يورۇقلۇقتا دائىم بىللە بىز،
ئايرىلمايسەن مىنۇت قېشىمدىن.
كىرىپ كەتسەم قاراڭغۇلۇققا،
تېپىلمايدۇ قاراڭ يېنىمدىن.

4

گاھى ئېگىز بەستىمنى خەققە،
كۆرسىتىسەن پاكار ۋە قوپال.
شۇنچە سىلىق ماڭساممۇ يولدا،
كۆرۈنىدۇ سېنىڭدە ئوسال.

1989 - يىل 23 - دېكابىر، خوتەن.

# كۆلەر ئالەم ساڭىمۇ قوۋناق

چاناقلىرىڭ قاپتۇ قىزىرىپ،
لەيلەپ يۈرەر كۆزۈڭدە ئۇيقۇ.
چىڭقىلىدۇ بېشىڭ ئېسىلىپ،
ئارام بەرمەس ساڭا شۇ تۇيغۇ.

شۇنداق ئۇنى ئېيپ كەتتى ئەجەل،

هازا يەتتى ئىستەكلىرىڭگە.
ياشلىق گۈلى سۈندى بىمەھەل،
يېتەلمىدىڭ تىلەكلىرىڭگە.

بوشلۇقلاردا سەرسان خىيالىڭ،
ئۇپۇقۇڭدا كۈلمەيدۇ قۇياش.
ئاھ، شۇ قەدەر سولغۇن جامالىڭ،
قارچىغاڭدا پىلدىرلايدۇ ياش.

ئۈمچىيىدۇ كالپۇكىڭ پات ـ پات،
كۆكرىكىڭدىن ئۆرلەيدۇ پىغان.
بىراۋادەك ساڭا بۇ هايات،
قاراىماقتا ئالدىڭدا جاهان.

يۈرەك ـ باغرىڭ كەتكەندەك ئېقىپ،
كۆي تۆكىدۇ ئۈنسىز سىياقىڭ.
خۇرسىنىسەن ئەتراپقا بېقىپ،
يەتمىگەندەك خۇداغا ئاهىڭ.

بولدى سىڭلىم تاشلانغىن ماڭا،
قۇچۇقۇمدا يىغلىۋال ئۆكسۈپ.
شائىر قەلبى قەلبداش ساڭا،
قەلبىم سېنى ئالسۇن مۆكتۈرۈپ.

مەن ئۆكسۈيمەن سېنىڭدىن بەكرەك،
شائىرلىقىم دەردىڭگە ئورتاق.

«مەڭگۈ ئالغا تەلپۈنەر يۈرەك»[1]
كۈلەر ئالەم ساڭىمۇ قوۋناق.

1989 ـ يىل 28 ـ دېكابىر، خوتەن.

## تەر

ھال رەڭ كۆك باغرىدا چاقنايدۇ قۇياش،
چىمەنلەر يولۇمغا يايار پاياندار.
مەنزىلىم ئۈپۈقنى قىلغان يېرىم يول،
ئۇ مېنى چىللايدۇ قىلىپ جىلۋە ـ ناز.

*　　　*

يول ئالدىم، قەلبىمدە ئەل بەرگەن ئىستەك،
تىك تاغلار يولۇمنى توردى قات ـ قات.
ھالقىدىم، تاشلارنى سۆيۈپ تاپىنىم،
شىجائەت روھىمغا ئۇندۇردى قانات.

چاتقاللار ئىگىردى ئاياغلىرىمدا،
ھاياتلىق دېمىنى بەردى شوخ دەريا.
پاكلاندى نەپىسىم يۇلغۇن ھىدىدا،
سۇ بەردى ئۇسسىسام ۋاپادار بەرنا.

بىپايان قۇملۇققا تۇتاشتى يولۇم،
سۇ تۈگەپ قاپىقىم بوپ قالدى قۇرۇق.

---

① ئا. س. پۇشكىن شېئىرىدىن.

يىقىلدىم قايناق قۇم باغرىغا ھالسىز،
خۇرجۇنۇم يېنىكلەپ توگىدى ئۇزۇق.

ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن يېرىلدى لېۋىم،
سىلجىدىم مەنزىلنى كۆزلەپ بىماجال.
ئاھ، نەچچە ھوشۇمدىن كەتتىم ئېچىرقاپ،
ئىزدىدىم ھاياتلىق ئۇچۇن پەم ـ ئامال.

سۇ ئىزدەپ قولۇمدا كولىدىم قۇمنى،
ئۈزۈلمەي ھاياتلىق رىشتى يۈرەكتىن.
كولىدىم، كولىدىم، ھارسام كۈچ ئېلىپ،
جىسمىمغا ياشلىقىم بەرگەن تىلەكتىن.

ئاھ، شۇ چاغ لېۋىمگە سىرغىدى نەملىك،
يورىدى كۆزۈمدە قارايغان دۇنيا.
ئېقىپتۇ ئاغزىمغا پېشانەم تەرى،
جانلاندىم بىر بۇلاق تاپقاندەك گويا.

*　　*

ھال رەڭ كۆك باغرىدا چاقنايدۇ قۇياش،
چىمەنلەر يولۇمغا يايار پاينداز.
ھالقىدىم ئۇپۇقتىن، مەنزىل دىلبىرى،
لېۋىمگە لېۋىنى يېقىپ قىلدى ناز.

1990 ـ يىل يانۋار، خوتەن.

# ئاھ، سۆيگۈ ئىلاھى ـــ ئانىجان ۋەتەن

تۇغۇلدۇم قۇياشلىق غۇبارسىز تاڭدا،
ۋەتىنىم ياشاشقا بەردىڭ سەن ھەۋەس.
ئانامنىڭ باغرىدەك ئىللىق قوينۇڭدا،
يېتىلدىم ئازارسىز بەردەم، زەبەردەس.

پاك مېھرىڭ ئۆگەتتى ۋاپادىن ساۋاق،
ئاھ، سۆيدۈڭ چېكەمگە بەختىمنى تىلەپ.
سۈتۈڭدىن تېنىمگە سىڭگەن ساداقەت،
سەن ئۈچۈن چېلىشقا ماڭدى يېتىلەپ.

ئۇپۇقۇم نۇرلىنىپ كۈلدى قۇياشىم،
ياشلىقىم باھاردەك ئالدى رەڭ سىياق.
يۈرىكىم كۈيلىرى ئىشقىڭدا ئەسىر،
بىر سېنى سۆيگەچكە چەكمىدىم پىراق.

ئاھ، سۆيگۈ ئىلاھى ـــ ئانىجان ۋەتەن،
ئۆمرۈمگە ئاچتىڭسەن ئايازسىز قۇچاق.
مەن سېنى سۆيىمەن، پەقەت سېنىلا،
پەقەت سەن ئۆگەتتىڭ سۆيۈشنى قانداق.

پەقەت سەن ئۆگەتتىڭ ياشاشنى يەنە،
ياشىدىم تەقدىرنى مېھنەتكە چېتىپ.
ئىنسانلىق قەدرىمنى كۆردۈم سەندىنلا،
مۇقەددەس خاكىڭغا باغرىمنى يېقىپ.

بىر ئۆزۈڭ مەن ئۈچۈن قەدىردان ئانا،
ياشلىقنى، ھاياتنى بەردىڭسەن پەقەت.
ياشىشىم سەن ئۈچۈن، پەقەت سەن ئۈچۈن،
سەن ئۈچۈن دىلىمدا ماڭما مۇھەببەت.

ياشلىقىم كۈيلىرى ئىشقىڭغا ئەسىر،
ئەقىدەم — سىنىلا سۆيىمەن ۋەتەن.
لاۋىلدار باغرىمدا سۆيگۈڭ يالقۇنى،
شۇ ئوتتا ئەبەدىي كۆيىمەن ۋەتەن.

1990 - يىل فېۋرال، خوتەن.

# خۇشبۇي ئەتىرە پۇرايدۇ

قاش بويىدىن ئۆچتى قۇياش جىلۋىسى،
كۆلگە ئۇزۇپ تاشلىنىدۇ يوپۇرماق.
ئۇۋىسىغا كىرەلمىدى سۇندۇكلار،
تەسكە چۈشتى تورغايلارغا ئۇخلىماق.

گاھى - گاھى پارقىرايدۇ كىچىك ئوت،
(شۇنداق، يىگىت تاماكىنى شورايدۇ.)
نېمىشقىكىن كەلمەي ئاچچىق ئىس ھىدى،
دىماغلارغا خۇشبۇي ئەتىرە پۇرايدۇ.

1990 - يىل 18 - فېۋرال، خوتەن.

# ئوغۇمدىكى چۈش

مەن ئەينەككە قارىغاندىم ئوغۇمدا،
سەن كۆرۈندۈڭ ئەجەب ئۆزۈم كۆرۈنمەي.
مەن تۇرىمەن شۇنچە جىمجىت پىنھاندا،
بىراق كېلەر ئاياغ ئۇنۇڭ ئۈزۈلمەي.

ئىنسى - جىنسىز كەڭلىكلەردە يۈرىمەن،
ئاھ، شۇندىمۇ كۆرۈنىسەن سەن يەنە.
ئاپپاراتقا ئالسام شۇئان بۇ ھالنى،
كۆرۈنمەيدۇ نىگاتىپتا ھېچنېمە.

يول يۈرىمەن پەقەت يالغۇز ئۆزۈملا،
سەن ماڭىسەن شۇ چاغدىمۇ ياندىشىپ.
جىسمىڭغۇ يوق، ئەمما بىللە كېلىسەن،
ئۆزۈم سەزمەي كېتەر پۈتۈم ئالمىشىپ.

ئۇنۇڭ كېلەر شۇنچە يارقىن، يېقىملىق،
ئېلىنمايدۇ ئۇنىئالغۇغا ئالسامىمۇ.
يېقىن ئاڭلاپ ئولتۇرىسەن ئۆزۈڭ يوق،
سازنى ئېلىپ ئۆزۈم يالغۇز چالسامىمۇ.

خەت يازىمەن جىمجىتلىقتا يېگانە،
ئولتۇرىسەن ئوقۇپ شۇ چاغ بىرمۇ بىر.
بىلەلمىدىم، ئوغۇمدىكى چۈشمۇ بۇ،
ئېيتقىن دىلدار، بار بۇنىڭدا نېمە سىر؟!

1990 - يىل 18 - فېۋرال، خوتەن.

## بىر تال چاچ

خانىسىگە كەلدى ئۇ خۇشخۇي،
ئاينى كۆكتىن ئۈزۈتىپ قويۇپ.
ئۇخلاش ئۇچۇن يېشىندى، بىراق،
تۇرۇپ قالدى چاپاننى تۇتۇپ.

تۈگمىسىگە قاپتۇ ئىلىنىپ،
ئەتىرە ھىدلىق بىر تال قارا چاچ.
كەلگەن ئۇيقۇ قاچتى نەلەرگە،
ئەسكە چۈشۈپ شېرىن پىچىرلاش ...

1990 - يىل 18 - فېۋرال، خوتەن.

## ئارزۇ

ئويلايمەن، يارىلىپ ئۇچقۇر بىر شامال،
ئۆتسەمدىم بوينۇڭغا سۆيۈپ، سۈركىلىپ.
ئويلايمەن، مەڭزىڭگە كەتسەمدىم سىڭىپ،
بۇلاقتەك كۆزۈڭدىن ياش بوپ تۆكۈلۈپ.

ئويلايمەن، چېكى يوق شېرىن خىيالدەك،
ئېسىڭنى ئىگىلەپ ئالسامچۇ گۈگەل.
ئويلايمەن، جان بولۇپ كۆچۈپ جىسمىڭغا،
ئەبەدىي ئۆزۈڭنىڭ بولسامچۇ تۈگەل.

ئويلايمەن، بولۇپ بىر خۇش ھىدلىق ئالما،

لېۋىتنىڭ ئاستىدا تۇگىشىپ كەتسەم.
ئويلايمەن، هاياتتىن قالماس نېسىۋەم،
شۇ گۈزەل ئارزۇنىڭ بىرىگە يەتسەم.

1990 ـ يىل 18 ـ فېۋرال، خوتەن.

## ئانا دېگەن

ياتار بوۋاق ماموق كۆرپە ئۈستىدە جىم،
ئانىسىنى كۆزەتكەندەك يېنىك تىنىپ.
تىپىرلايدۇ، گاھى ئاچچىق ئۈن سالىدۇ،
ئانا قولى تەۋرىتىشتىن قالسا جىمىپ.

بىر كېچىدە قوپتى ئانا ساق ئۈن قېتىم،
قاقالمىدى كىرپىكىنى بىردەم قېنىپ.
ئەسنەيدۇ ئۇ كۆزلىرىدىن ئۇجۇپ ئۇيقۇ،
كۈلۈمسىرەر بالىسىغا يەنە بېقىپ.

بۇ بىر كېچە، پەقەت ـ پەقەت بىرلا كېچە،
چوڭ بولامدۇ بىر كېچىدە بالا دېگەن؟!
ئاھ، شۇلارنى ئويلاپ دېدىم: بۇ دۇنيادا،
تەڭدىشى يوق ئىلاھ ئىكەن ئانا دېگەن.

1990 ـ يىل فېۋرال، خوتەن.

# ئانىنىڭ گۈزەللىكى

كۆرسەتكەندە ئەينەك ھۆسنىڭنى،
بولۇپ قالدىڭ ئەجەب پەرىشان.
ئىزدىگەندەك گۈزەللىكىڭنى،
نەزىرىڭنى يۆتكىدىڭ ھەريان.

گۈزەللىكىڭ كۆچكەن بوۋاققا،
بولغىن ئاڭا چەكسىز مېھرىبان.
ئانا بولۇپ قالدىڭ، ئامرىقىم،
دېمەك سەنمۇ ئۇلۇغ، قەدىردان.

سەن تاپىسەن گۈزەللىكىڭنى،
بالىمىزنىڭ يېتىلىشىدىن.
كەلگۈسىدە ئاچقۇچىلارنىڭ،
سەپلىرىگە قېتىلىشىدىن.

1990 - يىل ئەتىياز، خوتەن.

# كەشتىچى قىزغا

دىل رىشتىڭنى مەشۇت قىلىپ پاك قەلبىڭنى گۈل،
رەڭدار كەشتە توقۇپ چىققىنىڭ قويۇپ زېھنىڭنى.
ھەر قارىسام ئاڭا، يېڭى گۈلزار كۆرىمەن،
رەڭ ئورنىدا بەرگەنمىدىڭ سۆيگۈ - مېھرىڭنى.

كەشپىياتچى دېسەم سېنى ھەقلىق، چۈنكى سەن
يارىتىپسەن ئالىقىنىڭدا گۈزەل بىر باھار.
سەن يېنىمدا تۇرساڭ ماڭا گۈلزار نە كېرەك؟!
مېھنىتىڭدىن كۆلۈپ تۇرسا ئالدىمدا گۈلزار …

1988 — 1990 - يىللار، خوتەن.

## گۈزەلئاي

ئاپئاق قىزىم گۈزەلئاي،
مەن سېنىڭدىن ئايلىناي.
ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگىن،
زامان ئاچتى خۇش چىراي.

ئاپئاق قىزىم گۈزەلئاي،
ئەمدى مىنمە چىۋىق تاي.
سېنى كۆككە چىللاپتۇ،
باغاق يېزىپ تولۇن ئاي.

1990 - يىل ئاپرېل، خوتەن.

## ھايات قىممىتى

ئالمىدىم ھاياتنى بىرىدىن تىلەپ،
ۋە ئۆتنە بەرمەيمەن ئۇنى بىرىگە.
قىلمايمەن ئۆزگىدىن رىزىق - جان تەلەپ،
بېرىدۇ پاك ئەجرىم ماڭا نېسىۋە.

غۇرۇرۇم تۆرەلگەن ئاتام پۇشتىدىن،
مەيلىچە قىلالماس ئۇنى كىم پايخان.
پاكلىقىم يېتىلگەن ئانام سۇتىدىن،
ئەسلى پاك تۇغۇلغان چېغىدا ئىنسان.

چىن سۆيگۇم قۇياشتىن ئالغان ئەندىزە،
ھەممىدىن ئەزىزدۇر ماڭا بۇ تۇپراق.
كۆڭلۇمدە باھاردەك گۈزەل مەنزىرە،
تۆكەر ئۇ دوستلارغا دائىم خۇش پۇراق.

ۋاپانى ئۆگەندىم دېھقان ۋە يەردىن،
سۆيگۇمگە مۇناسىپ كەلدىم سۆيۇلۇپ.
خىسلەتنى ئۆگەندىم داتلاشماس زەردىن،
رەڭگىمنى بۇزمىدىم قالسام كۆمۇلۇپ.

ئىشقنى شائىر ۋە شېئىردىن ئالدىم،
كۆيىمەن ئەبەدىي چۇشكەنگە ئىشقىم.
بۇ ئىشق كويىدا چارچىدىم، تالدىم،
شۇڭىمۇ ئۇزۇلمەس ئىشقىمدىن رىشتىم.

ياشاشتا ئۆرنىكىم بولدى چۇمۇلە،
يوغان دەپ يولۋاسقا تىكمەيمەن نەزەر.
تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ يۇرگەندىن كۆرە،
يامانغا ئۇسۇشتىن قىلمايمەن ھەزەر.

بىرىلگەن بۇ ھايات ماڭا ئۇنچىۋاش،
ياشايمەن ئۆزۈمگە چوقۇنۇپ پەقەت.
يامانغا قۇل بولۇپ قالمىسۇن ياۋاش.
«تەڭلىكنى تىكلەش» دەپ ئاخىرقى مەقسەت.

ئالمىدىم ھاياتنى بىرىدىن تىلەپ،
بەرمەيمەن ھەرگىزمۇ تىلىگەنلەرگە.
بىرىشىم مۇمكىندۇر، بىرىمەن ئىزدەپ،
ئىنساندەك ياشاشنى ئىزدىگەنلەرگە.

1990 - يىل مارت، خوتەن.

## ئەقىدەم

مەن يىراق ساھىلدا يۈرمەيمەن تەنھا،
ئەمەستۇر خىيالىم ئۇپۇقتا سەرسان.
ئىسىمگە كىرمەيدۇ بولماق ئەۋلىيا،
يەر ئانام، ئۆزىگە تارتالماس ئاسمان.
ئەمەستۇر خىيالىم ئۇپۇقتا سەرسان.

دەرۋىشلىك قىلىشنى يۈرمەيمەن ئويلاپ،
چۈشۈمگە كىرمەيدۇ ئادەمسىز جاھان.
ياشايمەن ئىنسانغا ئەقىدە باغلاپ،
ئەركىمدە قۇتلۇقمەن، بولسامۇ ۋەيران.
چۈشۈمگە كىرمەيدۇ ئادەمسىز جاھان.

پاكلىك ۋە ۋىجداننى سۆيگەن قەلبىمنى،
خۇدالىق ئىمتىياز قىلالماس تۇتقۇن.
ئەركىنلىك ئەۋزەل دەپ پۈتكەن ئەھدىمنى،
يۇتالماس ھەرگىزمۇ سۆلەتۋاز ئۇپقۇن.
خۇدالىق ئىمتىياز قىلالماس تۇتقۇن.

ياشايمەن ئىلىمگە قۇدرەت، قۇت تىلەپ،
ھالال تەر ئانىسى قۇدرەت ۋە قۇتنىڭ.
ئىختىرا گۇللىتەر چۆللەرنى بېزەپ،
مەرتىلىككە باغلىقتۇر گۇللىشى يۇرتنىڭ.
ھالال تەر ئانىسى قۇدرەت ۋە قۇتنىڭ.

ئانا يۇرت دەشتىمۇ ئەۋزەل بېھىشتىن،
ئۆزگىنىڭ جەننىتى ئۆزىگە تالىق.
مىڭ ھەزەر دېۋىنى «قىز» دەپ ئېزىشتىن،
جىنلاردىن قىز چىقماس ھەرگىز ۋاپالىق.
ئۆزگىنىڭ جەننىتى ئۆزىگە تالىق.

مەن يىراق ساھىلدا يۇرمەيمەن تەنھا،
ئەمەستۇر خىيالىم «جەننەت» تە سەرسان.
ئۆز يولۇم ئۆزۈمگە ئەمەس مۇئەمما،
ئۆزگىنى دوراشنى قىلمايمەن ئارمان.
ئەمەستۇر خىيالىم ھەر جايدا سەرسان.

1990 ـ يىل مارت، خوتەن.

# ئەركە بالامغا

ئەركىلەتتۇق ئانىڭىز بىلەن،
رايىڭىزغا بېقىپ ھەممىدە.
ئەپسۇس، بىزگە ئەركىلىشىڭىز،
ئېشىپ كەتتى چەكتىن بەزىدە.

كۆنۈپتىمىز نېمە دېسىڭىز،
يالغۇز بالا كۆڭلى ئۆسسۇن دەپ.
چوڭ بولۇپلا ئۇنتۇپ ھەممىنى،
بىزگە ئازار بەردىڭىز ئەجەب.

جاجىسىمۇ ئەركىلەتكەننىڭ،
بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ.
ئەسلىڭىزنى ئۇنتۇپ، ھەي بالام،
يۈزىمىزگە قويماڭ تۈكۈرۈپ.

1990 ـ يىلى ئەتىياز، خوتەن.

# غەلىتە كۆنگەن ئېشەك

كۆرۈپ قالدىم شۇنداق بىر ئېشەك،
غەلىتىلا خۇيى بار ئىكەن.
باشقا ھايۋانمىكىن دەي دېسەم،
ئېشەكچىلىك بويى بار ئىكەن.

مېنمەك بولسا تاياق تۇتقانلار،
تۇرۇپ بېرەر سالپايتىپ قۇلاق.
كەلسە ئەگەر ئۇمۇ تاياقسىز،
تېپىش ئۇچۇن كۆتۈرەر تۇۋاق.

ئويلاپ قالدىم، بىچارە ئېشەك،
نېمە ئۇچۇن بوپ قالدى شۇنداق؟!
بەزىلەرگە تۇرۇپ بېرەمدۇ
بولغاچقىلا قولىدا تاياق؟!

1990 ـ يىلى ئەتىياز، خوتەن.

# قۇياش ۋە يۇلتۇز

ئەگەر قۇياش كەتسە ئولتۇرۇپ،
كۆككە سۇلتان بولارمىش يۇلتۇز.
بۇ هاياتلىق كائىناتىغا،
ئۆز رەڭگىنى يايارمىش قۇندۇز.

بۇنى بىلىپ قۇدرەتلىك قۇياش،
چىقار ئىكەن هەر كۈنى بىر رەت.
مۇرادىغا يېتەلمەي يۇلتۇز،
كېچە بىدار چېكەركەن هەسرەت.

1990 ـ يىلى ئەتىياز، خوتەن.

# سەن ئۆرلىدىڭ بولۇپ زەر قۇياش

سەن ئۆرلىدىڭ كۆڭۈل كۆكىمگە،
ئاشۇ سەھەر بولۇپ زەر قۇياش.
ئوبرازىڭدىن تۆكۈلگەن نۇرلار،
ۋۇجۇدۇمغا تارالدى تۇتاش.

ماڭا ئادەت بولغان، ھەر سەھەر،
گۈلزارلىقتا گۈللەرنى يوراش.
چۆمەر ئىدى لەززەتكە قەلبىم،
كۈلسە گۈللەر ئالدىمدا ئوتقاش.

كەلسەم يەنە بۈگۈن تاڭ سەھەر،
سەن يۈرۈپسەن گۈلگە سۇ قۇيۇپ.
ئەمەسكەنسەن لېكىن پەرىشتە،
بىر كۆرۈپلا قالدىم مەن تونۇپ.

گۈلگە رەڭداش قىزىل گالىستۇك،
يەلپۈنىدۇ بوينۇڭدا لەرزان.
چۆمۈلۈپتۇ گۈزەل تۈس - ھىدقا،
خۇددى جەننەت مىسالى ھەر يان.

1990 - يىل ئاپرېل، خوتەن.

# بىزنىڭ سەھرا

ئامرىقىم سەھرالىق دېدىڭ ئويىنىشىپ،
كۆڭلۈمگە ئەجەبمۇ ياقتى بۇ سۆزۈڭ.
نېچۈنكى سەۋەنلىك ئۆتكەندەك يەنە،
گۈلگۈن رەڭ ئۇپۇقتەك قىزاردى يۈزۈڭ.

بولدىلا خىجىللىق ھاجەتسىز جانان،
شۇنداق مەن سەھرالىق، سەھرادا ئۆسكەن.
تۆكۈلگەن كىندىكىم قىنى سەھراغا،
بالىلىق چاغلىرىم سەھرادا ئۆتكەن.

شۇ قەدەر سۆيۈملۈك بىزنىڭ ئۇ سەھرا،
سەن بارساڭ بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرسەن.
پەسىللەر ئەركىسى گۈزەل كۆكلەمنى،
سەھرادا ھەممىدىن بالدۇر كۆرسەن.

سەن بارساڭ بىزنىڭ ئۇ گۈزەل سەھراغا،
چىقىدۇ ئالدىڭغا ئاق چاچ موماي‌لار.
باللار زوقلىنىپ قاراپ كېتىدۇ،
پاقلاننى سويىدۇ تەمبەل بوۋايلار.

سەھرانىڭ سەھىرى پەيزى ھەممىدىن،
كۆڭلۈڭنى ئاچىدۇ ئۇندا ساپ ھاۋا.
گۈزەللىك دۇنياسى ياسار ئالدىڭدا،
ياۋا گۈل - غۇنچىگە تولغان كەڭ دالا.

غۇبارسىز شەبنەمدە ھۆل قىلىپ پۇشقاق،
بالىلار جاڭگالغا ئېپ ماڭار پادا.
باغلارنىڭ ھىدىنى ئۇرار دىماغقا،
خىيالدەك شوخ، ئەركىن، قاناتلىق سابا.

سەھرانىڭ ئاخشىمى قايناق شۇ قەدەر،
ياڭرايدۇ ئۆيلەردىن مەشرەپ، بېيىت، قوشاق.
ئوينايدۇ ئايدىڭدا پاتماي قىنىغا،
بالىلار ئاسمانغا ئېتىشىپ تۇماق.

مۆكۈشمەك ئوينايدۇ ئۇلار ھارغىچە،
چىتلانغان سۇڭگۇچتىن ئۆتۈپ ئۆمىلەپ.
ئىتلارنىڭ قاۋىشى بەرمىگەچ ئارام،
مومايلار زارلىنىپ كېتىدۇ سۆزلەپ.

بوۋايلار يىغىلىپ تاللىق ھويلىغا،
ئېيتىشىپ كېتىدۇ چۆچەك - رىۋايەت.
يىگىتلەر ئۇيقۇغا كېتىدۇ تېخى،
ئولتۇرغان ئورنىدا ئاڭلاپ ھېكايەت.

ئامرىقىم سەن بارساڭ بىزنىڭ سەھراغا،
كېلىشنى ئۇنتۇيسەن شەھەرگە يېنىپ.
«سەھرالىق» دېگىنە مېنى يەنە بىر،
شادلىناي تېخىمۇ يۈرىكىم قېنىپ.

1990 - يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

# كۆڭۈلدىكى كۆلەڭگە

كىمدۇ بىرى كېلەرمىكىن دېگەندەك،
تىڭشاپ ياتتىم تىۋىشىنى كېچىنىڭ.
قارىچۇقۇمغا چۈشۈپ قالغان سۈرەتتىن،
ئاختۇرىمەن جىلۋىسىنى بىرىنىڭ.

ئۇ كەلدىمۇ گۈللەردىكى پۇراقتەك،
دىمىغىمنى ئوراپ - سىرلىق ھىدىغا.
يا كىردىمۇ ئېچىلغاندا كىرپىكىم،
كۆزلىرىمدىن يوللار سېلىپ دىلىمغا.

سىرلىق كېچە شۇنچە تىمتاس ۋە ئۇزۇن،
خىياللىرىم ئۇسسار گۈللەر مەڭزىدە،
ئېيتىڭلارچۇ ئۇيقۇلىرىم، چۈشلىرىم،
قالغانسىلەر قايسى قىزنىڭ كۆزىدە.

1991 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# قىزلارنىڭ كۆزى

ھەي قىزلار، گۈزەل قىزلار ئېيتىڭلارچۇ،
ئېزىتقۇ يول بارمىدۇ كۆزۈڭلەردە؟
كۈلكەڭلار قۇت تۆكىدۇ يۈرەكلەرگە،
سېھىرلىك كۈي بارمىدۇ ئۈنۈڭلەردە.

سېھىرلىك كۈي بارمىدۇ ئۈنۈڭلەردە،
چېھرىڭلار ئاپتاپمىدۇ كۆكلەمدىكى.
سىلەر بار گۈزەللىك بار (ھەممىسى بار)
سىلەرنىڭ مېھرىڭلارمۇ كۈلكەمدىكى.

سىلەرنىڭ مېھرىڭلارمۇ كۈلكەمدىكى،
نېمانچە گۈزەل بولۇپ يارالدىڭلار.
قۇياشنىڭ نۇرلىرىمۇ ياكى سىلەر،
جىسمىمغا يالقۇن بولۇپ تارالدىڭلار.

ھەي قىزلار، گۈزەل قىزلار، جانان قىزلار،
«مۇھەببەت»، «سۆيگۈ» دېگەن سىلەرمىكىن.
ئەسىرلەپ توڭۇپ ياتقان مۇز ئوكيانغا،
سىلەر بىر قارىساڭلار ئېرەرمىكىن.

سىلەر بىر قارىساڭلار كۈلۈپ ـ كۈلۈپ،
مىڭ باھار چىراي ئاچار يۈزۈڭلەردە.
سىلەر بىر قارىساڭلار ماڭالمايمەن،
ئېزىنتقۇ يول بارمىكىن كۆزۈڭلەردە؟!

1991 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## ئىزگۈ تۈيغۈلار

قارىچۇقىڭدا ئىزگۈ شولىلار،
بەختىم ئۇچۇن كۆتەرسە قورساق.
ئۇپۇق قىلىپ كىرپىكلىرىمنى،
تۇغۇپ بەرگىن ماڭا بىر قۇياش.
نۇر چاچسۇن ئۇ ھەممىگە ئورتاق.
بەرنا بولسا بىزنىڭ نەۋرىمىز،
ياشلىقىمىز تاشلار يوپۇرماق.
كەڭ تارىمغا سىزىپ يېشىللىق،
قارىچۇقلىرىڭ قاتقان چاناقتىن،
ئوقچۇپ چىقسۇن زۇمرەت بىر بۇلاق ...

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى.

## كۆچۈش

سوغۇق سەھەر، ئاچچىق شىۋىرغان،
ئۇستىخانلارنى چالار نەي قىلىپ.
كۆكتە تىترەپ توڭغان بۇلۇتلار،
يەرگە توزۇپ چۈشەر لەيلىشىپ.

ئوۋچى بوۋاي كۆرۈنمەيدۇ ھېچ،
مورىسىمۇ پۇركىمەيدۇ ئىس.
قار ئۇستىدە ئۇپۇققا قاراپ،
چۈشۈپ قاپتۇ يېگانە بىر ئىز.

1991 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# خازان بولغان ساداقەت

ئوقۇپ كەتتىڭ ئۆزگىلەردىن يوشۇرۇپ،
زارىققاندا يېتىپ كەلگەن بۇ خەتنى.
كۆرمىسەممۇ بىلدىم سىرنى ئۇندىكى،
باشلاپ كەلگەچ چىرايىڭغا ھەسرەتنى.

ئوقۇماستىڭ بىلگەن بولساڭ، ھەي ئىسىت،
شاد كۆڭلۈڭنى قىلىپ مۇنچە پەرىشان.
ياكى يولدا چۈشۈپ قالغان بولسىچۇ،
بۇنچە قاتتىق ياش تۆكمەستى كۆك ئاسمان.

يىرتىۋەتكىن، ئۇنى دەرھال يىرتىۋەت،
ئۇنى يەنە ئۆزگە بىرى كۆرمىسۇن.
ھەرنە قىلساڭ دوست - دۇشمەنلىك جاھان بۇ،
دۇشمەنلىرىڭ خوپ بولدى دەپ كۈلمىسۇن.

ساڭا قاراپ بوغدى يىغا گېلىمنى،
ئورنى بارمۇ ئۆكسۈپ بىللە يىغلاشنىڭ.
بىلسەڭ ئەگەر ۋاپا گۈزەل - سەن گۈزەل،
نە ھاجىتى دەردتە دىلنى تىلغاشنىڭ.

1991 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# قار لىرىكىسى

1

ئاسمىنىغا پىتىشالماي سوغۇق قار،
قىستىلىشىپ چۈشتى تىترەپ زېمىنغا.
تەرگە چۆمدى مۇز ئاستىدا ئانا يەر،
تەگدى ئۇششۇك غول تۇتمىغان جىرىمغا.

لېكىن بىزچۇ، شادلىق ياغدى كۆكتىن دەپ،
«قارلىق» تاشلاپ مەشرەپ قىلدۇق ئۆي ـ ئۆيدە.
زېمىستاندا تىترەپ ناخشا توۋلىدۇق،
بارمۇ شادلىق يا كىنايە بۇ كۈيدە؟! ...

2

قار ياتىدۇ يالماپ تۇتاش زېمىننى،
ۋۇجۇدىدىن پۇركۈپ ئاچچىق شىۋىرغان.
ئېچىرقاشتىن زارلىنىدۇ قۇشقاچلار،
كۆمۈلگەچكە قار ئاستىغا ئوزۇق ـ دان.

3

ماڭۇق بەدەن پەيلىرى ئاق، قارلىرىم،
ئۇچۇپ كېلىپ كىرپىكىمگە قوندۇڭلار.
كۆتۈرەلمەي يۇمۇلغانتى كىرپىكىم،
دوستلۇقۇمنى مازاق قىلىپ كۈلدۇڭلار.
باھار باشلاپ كەلگەن ئىدى قارىچۇقۇم،
يوققۇ سىلەر، قاي ئۆتەڭدە قوندۇڭلار؟! ...

1991 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ئۆلۈم ۋە ھايات

ئۆلۈم
كېرىپ كەلدى ئىشىكنى چەكمەي،
قالدى بۇ دەم دوختۇرمۇ تەسكە.
پەقەت
ئىككى مىسرا نەپەس لېرىكام
قوغلىۋەتتى ئۇنى كەلمەسكە.

1991 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# رېئاللىقتىكى فانتازىيە

ئىنسان بىلەن ناتونۇش دەشتتە،
مەن يۈرىمەن پەقەت يول ئىزدەپ.
يوق بۇ يەرنىڭ كۈندۈز يا تۈنى،
ئىلگىرلەيمەن، ئارمانلىرىمنى
دىلدا چاققان چاقماقتا بىلەپ.

ئېتىۋەتتىم كومپاسنى نېرى،
بۇندا ئۇپۇق ياكى قۇتۇپ يوق.
بىلەلمەيمەن ماڭدىم قانچە يىل،
مەن كېچىدە ئېتىلغان بىر ئوق.

ئۇيقۇ تۇتتى،
ئويغانغىنىمدا
قۇياش ماڭا قىلدى تەبەسسۇم.
كەلدى دوستلار ئىزىمنى بويلاپ،
تۇتىم بولۇپ قاپتىمەن ئاخىر.
ئۇھ،
ئۆتمۇش بولۇپ قاپتۇ كەلگۈسۇم.

1991 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## قار ئۈستىدە قالار يانداش ئىز

ئۇچرىشىشنى ئىزدىمىگەن بىز،
ئۇچراشتۇردى چاقچاقچى تەقدىر.
قارىچۇقىمدىن ئۆتتۈڭ سىلىپ ئىز،
ئالدى ئىشقىڭ سۆيگۈمنى ئەسىر.

ئۇچرىشىشنى ئىزدىدۇق بىز تەڭ،
نىگاھلاردا نازۇك كۆلەڭگە.
خىيالىمدا گۈللىگەن ئەتەڭ،
ئىلھامىمغا ياقتى سەرەڭگە.

شىۋىرلىشىڭ چېكىپ يۈرەكنى،
لەۋلىرىڭدە قالدى لىرىكام.
كۆكرىكىڭنى قىلارسەن قۇببە،
مەن باغرىڭغا ھالسىز يىقىلسام.

بىزنى تارتقان پىنھان سەيلىگاھ،
پەخىرلەنسە سۆيۈشلىرىڭدىن.
كىيەنلەرمەن تەشۋىشلىرىمنى،
قۇچىقىمدا كۆيۈشلىرىڭدىن.

سۆيۈش نىمە، سۆيۈلۈش نىمە؟
قار ئۈستىدە قالار ياندىش ئىز.
ئۇخلاپ قالار مەككار سارايۋەن،
سۆيۈشۈشنى ئىزدىسەكلا بىز.

1991 - يىل 18 - نويابىر، ئۈرۈمچى.

## ئىشىكىڭنى چەكسە تۈن قۇشى

سەن قارىغىن، قارىغىن ماڭا،
كۆزلىرىڭدىن كۆرەي ئۆزۈمنى.
ۋۇجۇدۇڭدا ئۇزەي بەخۇدۇك،
كۆرەي سەندە ئاشىق كۆزۈمنى.

يەلپۈنۈشلەك ئىپار ھىد سابا،
يۈرىكىڭنى ئەگىيدۇ ئىشقىم.
كىرىپ قالساڭ چۈشۈمگە ئەگەر،
كەرەشمەڭگە يۈتكىلەر جىسمىم.

ئىزدىمەيمەن سىنى قايتا رەت،
سۆيگۈڭ ساڭا ئىزدىتەر مېنى.
كۆڭۈل ھەرگىز چىقماس بازارغا،
مەن باغرىڭدا سۆيەرمەن سېنى.

لەۋلىرىڭدە قالسا يالقۇنۇم،
ئۇنى تەمشىپ قالارسەن ئۇخلاپ.
ئىشىكىڭنى چەكسە تۇن قۇشى،
سەن قېشىمغا كىرەرسەن يوقلاپ.

1991 - يىل 22 - نويابىر، ئۈرۈمچى.

# چۈشۈمدىكى پەرىگە

چۈشەپ قالسام چېچىڭنى تاراپ،
قويدۇم شۇئان ياستۇقنى ئۆرۈپ.
لەۋلىرىمدىن ئىزدەپ خۇلقۇڭنى،
ئالدىم سېنى باغرىمغا كۆمۈپ.

سەھەردىكى قىزغۇچ جىلۋەڭدە،
ماۋزۇسىنى كۆردۇم چۈشۈڭنىڭ.
نوتىسىغا قالدىڭ ئايلىنىپ،
تەنھالىقتا تۆككەن كۆيۈمنىڭ.

1991 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

# كۆڭۈل ئالبومى

( داستان )

1

ئېسىڭدىمۇ، ئەي چىرايلىق ئايجامال،
بىز چوڭ بولغان توپا يوللۇق سەھرالار.
تومۇزلاردا پادا بېقىپ قاغجىراپ،
بىز سۈيىگە شۇڭغۇغان كۆل - دەريالار.

ئاخشاملىرى بىللە ئويناپ مۆكۈشمەك،
كۈندۈزلىرى ئوت ئالاتتۇق ئېتىزدىن.
مەن قۇچاقلاپ ئۇنچە باسسام ھارۋىغا،
ئېتىكىڭگە باش تېرەتتىڭ ئېگىزدىن.

چوڭ بولغاندا چىقالمىدىڭ كەچلەردە،
كۆرگۈم كەلسە روجىكىڭدىن ئاتتىم تاش.
سىزىپ قىلىپ ئاناڭ نەچچە كايىغان،
سەن چىقالماي مۇڭلانغاندىڭ تۆكۈپ ياش.

بويۇم بىلەن بىللە چوڭۇپ ئىدرىكىم،
يۈرىكىڭگە ئىجىل بوپتۇ يۈرىكىم.
ئاھ، چۈشەندىم، بۇ كەن تۇنجى مۇھەببەت،
كۈندىن - كۈنگە ئاشتى سۆيگۈ تىلىكىم.

كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى تالاي رەت،
كۈتتۈم ئۇزاق سۇ ئالغىلى كېلەر، دەپ.

ناخشا ئېيتتىم تىلغا ئېلىپ نامىڭنى،
ئاڭلاپ قالسا يۈرىكىمنى بىلەر، دەپ.

ئەپسۇس، توزۇپ كەتتى ئۈمىد چېچىكىم،
ياراتمىغاچ ئاناڭ هايىتاق خۇيۇمنى.
«ئۇنۇت» دېدىڭ،
كەتتىم يىراق يۇرتلارغا،
يادىكار قىپ ساڭا دەردلىك كۈيۈمنى.

2

كەتتىم يىراق،
كېتىشىمدىن، ئايجامال،
تولغانمىدۇ كۆزۈڭ هىجران يېشىغا.
ئەسلەپ يالاڭ ئاياغ چۇشكەن ئىزلارنى،
بارغانسەنمۇ سۆگەتلىك كۆل بېشىغا؟!

3

ئېسىمدە سەن ئەي چىرايلىق ئايجامال،
كەلدىم، سېنى كۆرەي دېدىم بۆلەكتىن.
ۋىسالى يوق گۈزەل تۇنجى مۇھەببەت،
شۇنچە يىللار ئۆچمىگەچكە يۈرەكتىن.

كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى تارتىنىپ،
سۇ ئالغىلى چىقىشىڭدىن ئۈمۈنۈپ.
ئاھ، كۆل بويى ماڭا شادلىق بەرمىدى،
بىلدىم، قاپتۇ ئۈمۈ مېنى ئۇنۇتۇپ.

نەچچە ئۆتتۈم ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن،

ئالا بويناق قاۋاپ قالسا چىقار، دەپ.
سەن چىقمىدىڭ،
چىقتى ئوماق بىر قىزچاق،
ئېتى باركەن ئۇنىڭ تېخى ئىپار دەپ.

قىزنى كۆردۈم، كۆردۈم كىچىك چېغىنى،
ئاھ، شۇ يەردە بالىلىقىم تېپىلدى.
لېكىن ئېتىڭ ئەمەس ئىكەن ئايجامال،
«ئىپار» دېگەن ئىسىم نەدىن قېتىلدى؟!

ئەسلى يېشىم ياشلىقىمنى ئۇزاتقان،
لېكىن بۇدەم بالىلىقتا ھېسلىرىم.
كۆرۈپ سېنى كىچىكلىكىڭ سىياقتا،
ياشارغاندەك بولدى ئۆچكەن تىلىكىم.

4

ئىپار ئىسىم - ئۇنتۇلۇشنىڭ بەلگىسى،
(بىلدىم مېنى ئۇنتۇلۇپسەن ئايجامال).
ئۇنتۇپسەنۇ بالىلىققا يېنىپسەن،
مەن تاپالماي ئۇ چاغلارنى بولدۇم چال.

دېمىسەمۇ «ئۇنۇت مېنى» ئۇنتۇپسەن،
ئۇنتالمىدىم سېنى «ئۇنۇت» دېسەڭمۇ.
ئاھ، ئىزدەيمەن شۇ چاغدىكى ئىزىمنى،
ئۇنىڭ مەڭگۇ ئۆچكىنىنى بىلسەمۇ.

1989 - يىل يانۋار، خوتەن.

## قىزلار خاتىرىسىگە

مەن قىچىشنى ئىزدىگىنىم يوق،
چۈش كۆرمەڭلار يىغلاپ ھەي قىزلار.
قىلىشارمىز تېخى كۆپ چاقچاق،
ئاق دالىدا قالدۇرۇپ ئىزلار.

كۆزۈڭلاردا سوغۇق ھېتىرقاش،
ئازدى نەگە نازۇك بىقىشلار.
لېۋىڭلاردىن ئۆچتىمۇ ئېتىم،
قېنى يەڭگىل ئىشىك قىقىشلار.

مەن كېتىمەن ئېيتىڭلار نەگە،
چاقچىقىمنى ئۇنتۇپ سىلەردە.
مېنى ئوينار نازلىق كۆلكەڭلار،
مەن ئويلايمەن سىلەرنى دائىم،
گۈگۈملارنى ئۇلاپ سەھەرگە.

1991 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

## ئانا كىيىك ۋە ئوۋچى

قان،
قان،
قان،
ئوق ئىزىدىن ئاققىنى ساپ قان،

ئانا كىيىك ياتار قانسىراپ.
قارىچۇقىدا مەسۇم ئوغلىقى
ئىڭراپ ـ ئىڭراپ تالاشماقتا جان.

قانخور ئوۋچى،
توختىماستىن كېلەر ئىز بېسىپ.
شورىماقتا ئۇنىڭ قېنىنى،
كۆچۈرمەكتە ئاچ ۋۇجۇدىغا
ئۇنىڭ تاتلىق ـ شېرىن جېنىنى.

1991 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# يېڭى يىل سوۋغىسى

يېڭى قاردەك ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي،
ئاستا ـ ئاستا كەتتى بىزدىن يىراقلاپ.
ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىدىن بىر بوۋاق
كەلدى بىزگە قاراپ كۈلۈپ ۋىلىقلاپ.

شۇنداق، بوۋاي كەتسە بوۋاق كېلىدۇ،
يېڭىلايدۇ يىللار هامان ھەممىنى.
كەتسىمۇ گەر خورسىنىشىپ بوۋايلار،
قويۇپ كېتەر بوۋاقلارغا قەلبىنى.

يىللار سېخىي، يىللار باتۇر، رەھىمسىز،
ئالدىرار ئۇ قېرىتىشقا ئىنساننى.
بىراق سۆيگۈ جاننى جانغا ئۇلايدۇ،

قىرىتالماس چۈنكى يىللار ۋىجدانىنى.

يىللار بىزنى قىرىتسۇن ئۇ ئۆز يولى،
قىرىمايدۇ لېكىن ئويغاق تىلەكلەر.
مانا بۈگۈن يېڭى يىلغا چاي بەردۇق،
كونا يىلمۇ كەتتى ئارتىپ بېزەكلەر.

بىز يىللارنى ئۈزىتىمىز، كۈتىمىز،
يىللار جەڭگاھ، بىزنى جەڭلەر تاۋلايدۇ.
بوۋايلارنىڭ قويۇپ كەتكەن ئەھدىنى،
يېڭى يىلدا نەۋرىلىرى ئاقلايدۇ.

1991 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# چال

تۈيۈقسىزلا
كونا ئىشىك قېقىلدى قاتتىق،
چال چۈشىنى قالدى كۆرەلمەي.
كىرىپ كەلدى
غالىبلارچە كەنجى نەۋرىسى
رەنجىدى چال
كىرگىنىگە ئۈنىڭ ئەيمەنمەي.
بىراق!
يەتكەن ئىدى ئاڭا قېرىلىق ...

1991 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

# تىرىك ئەرۋاھ

ئۆزۈمنى ئىزدەپ
تىنىقىمدىن باشلىدىم سەپەر.
ھاياتلىقنىڭ دېڭىزلىرىدىن،
گاھ كۆھىقاپ ئېغىزلىرىدىن،
ئالتۇن قازغان پىنھان كانلاردىن،
كۆچەت قويغان زۇمرەت باغلاردىن،
ئۆز - ئۆزۈمنى چاقىرىپ تەكرار،
ئالالمىدىم
مەۋجۇدلۇقۇم ھەققىدە خەۋەر.
ئۆزۈمنى ئىزدەپ
بوشلۇقلارغا يۆتكىدىم نىگاھ،
يۇلتۇز كۆزلۈك سامان يولىدىن،
نۇر روماللىق ھەسەن - ھۈسەندىن،
ۋېنېرا، ھۇكەر، مارس ۋە ئايدىن،
بار ئاۋازىم پۈتكۈچە توۋلاپ،
تاپالمىدىم
تىرىكلىكىم ھەققىدە گۇۋاھ.
ئۆزۈمنى ئىزدەپ
سوئال قويدۇم ئاتا - ئانامغا.
كىندىك قېنىم تامغان تۇپراققا،
تاغلار شاھى خان تەڭرىگە ھەم
تارىم، جۇڭغار، تەكلىماكانغا.
راستمۇ مېنىڭ تۇغۇلغانلىقىم؟!
كەلدى سادا

يەر ـ ئالەمنى سىلىپ لەرزىگە،
راست ئىنسان بوپ تۇغۇلغانلىقىڭ!
يوقلۇقۇڭ ـ
چەكسىزلىكتە بوغۇلغانلىقىڭ! ...

1991 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

## ئاھاڭسىز ناخشا

تاشلاندۇق ئورمان
پور كۆتەكلەر ياتار لاپچىيىپ.
كۇۋەجەيدۇ ئاستىدا دەريا،
ئۇسساپ ـ ئۇسساپ قۇش باللىرى،
ياش تۆكىدۇ ئۇنسىز، ئۇمىدسىز،
كۆزلىرىگە چۆكتۈرۈپ دۇنيا.
پەقەت
ئانا قۇشقا بىرەر تەسەللى،
ياپراقتىكى ئىزگۇ خىياللار.
يىلتىزىنى
ئۆزى كېسىپ ساتقان كۆتەكلەر،
ياراشمىغان شۇمبىلىرىدىن
كۇلەر زەئىپ ئىستىقبال كۆرۈپ.
ئۇسسۇزلۇقتىن
لەۋلىرى گەز باغلاپتۇ دەريا،
سۈيى يوقتەك سۇپسۇزۇك گويا.
لېكىن بۇندا

تىنىپ تايار بولۇپ ھامىلە
ئاھاڭى يوق لىرىك بىر قوشاق ...

1991 ـ يىل 23 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## گۈلنار

گۈلنار،
سەن كىرگەنسەن چۈشۈمگە قانداق؟
لەۋلىرىمدە ئۈنتۈپ ـ ھىدىڭنى،
كېتىپ قالدىڭ ئويغانغىنىمدا
دىمىغىمغا كۆمۈپ خۇش پۇراق.
ئىزدەپ
چېمەنلەردىن نازۇك بويۇڭنى،
ياپراقلاردىن تىنىقلىرىڭنى،
گۈگۈملارنى كېزىمەن يالغۇز
ئويلاپ نەپىس نازىڭ، خۇيۇڭنى.
ياستۇقۇڭدا
قونۇپ قالسا تەنھا چۈشلىرىم،
سەن ئۈنىڭغا بەرمىگىن ئازار،
سېنى ئوراپ ئۇچار بىتىنىم
سەن ئوت ياققان يۈرەك كۈيلىرىم.
گۈلنار،
قارىچۇقۇڭدا كۈلدۈرگىنىڭ كىم؟
نىگاھلىرىم ئاختۇرۇپ سېنى
ئىزلىرىڭدا قالار ئىزىقىپ،

ئۇ ساڭىمۇ ئاياندۇر بەلكىم.
گۈلنار،
ئۇچرىشارمىز تاڭلار ئاقىرىپ،
سەنمۇ، مەنمۇ بەخت قوينىدا.
ئوت ئالارمۇ يۈزلەر شادلىقتىن،
يا كېتەرمۇ ئۆچۈپ - تاتىرىپ؟!
گۈلنار ...
كۆكلەم قۇچاق ئۈرۈمچى قىزى،
مەن باھارنى كۈتتۈم سېنىڭدىن.
قالماس كۈلكەم لېۋىمدە قېتىپ،
ئۈمىد بىلەن ئۆتسەم يېنىڭدىن ...

1991 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# لىرىكامغا سىڭگەن يۈرىكىم

قۇياش بولۇپ نۇرلۇق ۋە سۈزۈك،
باشلاپ كىردىڭ قەلبىمگە بىر تاڭ.
ھەر بېقىشىڭ بىر سۆيگۈ كۈيى،
ۋە ئاجايىپ گۈزەل بىر ئاھاڭ.

زىننىقىڭدا كۈلەر مىڭ باھار،
ھەر جىلۋەڭدىن ئېچىلار بىر گۈل.
مەن كۈلكەڭگە ئورالدىم، ئەمما،
ئۇندىن سۆيگۈ تاپمىقىم مۈشكۈل.

مېنى ئۇنتۇش ساڭا بەدەلسىز،
سۆيەر مېنى سەن كىرگەن چۇشۇم.
يالقۇن چاچار قەلبىڭگە بەلكىم،
لىرىكامغا سىڭگەن يۇرىكىم.

1992 ـ يىل مارت، ئۇرۇمچى.

# پال

سۆيگۇ، تەلەي، بەخت ئۆزۈڭدە،
بىھاجەت سورىماق ئۇنى رەمبالدىن.
چاقنىسۇن ئىقبالىڭ نۇرى كۆزۈڭدە،
كۇتمىگىن تەقدىرنى ئېزىتقۇ پالدىن.

1992 ـ يىل 16 ـ مارت، ئۇرۇمچى.

# ئانا

1

ئانا،
قەلبىمدىكى، ئەي بۇيۇك قۇياش،
قېنى سېنىڭ ئۇدۇملۇق قولۇڭ.
باش كۆزۈمنى سىلىغان بىر چاغ،
بارسا كەلمەس ئىدىمۇ يولۇڭ؟!

## 2

ئانا،
مەن ئەمەسمۇ شۇ ئامراق قوزاڭ،
ئەنسىرىتىپ سېنى ھەمىشە.
ئويناپ كەتكەن يىراق - يىراققا
ۋۇجۇدۇڭغا سېلىپ ئەندىشە.

ئانا،
مەن ئەمەسمۇ، تاماق يە دېسەڭ،
ئوينىۋالاي كىچىككىنە دەپ.
قۇشقاچ كولاپ تام تۆشۈكىدىن،
قىلغان پاكىز كىيىمنى بېزەپ.

ئانا،
مەن ئەمەسمۇ كەپىسىزلىك قىلىپ،
يىپلىرىڭدا لەگلەك ئۇچۇرغان.
دېگىنىمنى قىلىپ بەرمىسەڭ،
توپىلاردا يېتىپ يىغلىغان.

ئانا،
مەن ئەمەسمۇ، سەن چاق ئىگىرسەڭ،
قۇلىقىنى مەن چۆرەي دېگەن.
مەن ئەمەسمۇ، ۋېلىسىپىتىمگە -

مىنگىن ئانا، مەن سۆرەي دېگەن.

ئانا،
مەن ئەمەسمۇ مەكتەپتىن كېلىپ،
سېنىڭ بىلەن ئوتاق ئوتىغان.
ئاخشاملىرى جىنچىراغ يېقىپ،
تۇن تەڭگىچە كىتاب ئوقۇغان.

ئانا،
مەن ئەمەسمۇ سېنى يىغلىتىپ،
ئوقۇيمەن دەپ يىراققا كەتكەن.
سېغىنساممۇ بارالماي پات - پات،
ئوغلۇڭدىن دەپ خەتلەر ئەۋەتكەن.

3

ئانا،
يېنىپ كەلدىم قىشىڭغا مانا،
قېنىپ - قېنىپ كۆرەي دەپ سېنى.
چىقالمىدىڭ ئالدىمغا بىراق،
ئويلۇدۇڭمۇ كەلمەس دەپ مېنى.

ئانا،
بىز ئولتۇرغان مېھرىبان شۇ ئۆي،
يىغا تۇتتى ماڭا پاتمانلاپ.
ھەممە نەرسە تېزىپتۇ ئۇندىن،
تام - تورۇسلار قاپتۇ تور باغلاپ.

ئانا،
مەن قەبرەڭنى ئالدىم قۇچاققا،
توختىمايدۇ چانىقىمدا ياش.
كۆمۈپ قويدى سېنى نېمىشقا،
قانداق سىغدى قەبرىگە قۇياش؟!

1992 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## «قارشى ئېلىش» نىڭ شىكايىتى

«قارشى ئېلىش» دېگەن بۇ بىر سۆز،
قايناپ كەتتى بىر كۈنى شۇنداق.
ئىشلىتىلمەي قالسا جايىدا،
ئۇ قاينىماي قىلىدۇ قانداق؟!
ئۇ سۆزىنى باشلىدى مۇنداق:
— خالايىقلار، سىلىگلار قۇلاق،
بىلدۈرىمەن ياخشى مەنىنى،
خالىمايمەن ئاچچىق تەننى.
مېنى لازىم قىلغان كىشىلەر،
بىلسە سۆزنىڭ مەنە - تەمىنى.
سۆزلىگەندە نوتۇق - لېكسىيە،
يۈكلىمىسۇن ماڭا ھەممىنى.

كىلىپ قالسا ئەگەردە مېھمان،
مەن ئىشلەيمەن پىدا قىلىپ جان.
ئىشلەيمەن ھەم بايرام - ھېيتلاردا،
ۋەزىپەمدىن قاچماي ھېچقاچان.

ھەممە سۆزلەر كەلسە جايىغا،
چۈشەنمەكمۇ بولىدۇ ئاسان.
تەقدىرلىمەك بولساق ياخشىنى،
ياكى بىرسى ئېيتسا ناخشىنى.
ئىشلىتەيلى «تەكلىپ» سۆزىنى،
ياكى «ئالقىش» ۋە يا باشقىنى.
بۇنىڭغىمۇ ئىشلەتسە مېنى،
ئۇ كىشىنىڭ گەپتە ئازغىنى.

بىرسى شەرەپ قۇچسا ئىشىدا،
مېنى تارتماڭ گەپنىڭ بېشىدا.
«تەنتەنە» ۋە «تەبرىك» دېگەن سۆز،
كەم ئەمەسقۇ ئۇيغۇر تىلىدا.
بولدى قىلاي سۆزۈمنى ئەمدى،
ئويلاپ كۆرسۇن ھەر كىم ئېڭىدا.

## سۇپۇرگە ۋە ئەخلەت

دېدى ئەخلەت: «ھەي سۇپۇرگە كۈشەندەم،
ماڭا دائىم ئىچىڭ تارلىق قىلىسەن.
ئۆي ئىچىدە تۇرغىنىمغا چىدىماي،
سۇپۇرىسەن، مېنى دۈشمەن بىلىسەن.

چىقارساڭمۇ مېنى قوغلاپ تالاغا،
ئىززىتىڭ يوق لېكىن، جايىڭ پەگاھدا.
سەن ئۇپرايسەن، تۈگىمەيمەن لېكىن مەن،
نە قىلاردىڭ قەدىرلەنسەڭ ناۋادا؟!»

دېدى، قوغلاپ ئەخلەتلەرنى سۈپۈرگە:
«سۈپۈرمىسەم سېنى ئاۋۇپ تارايسەن.
سەن بار يەردە كۆپتۇر كېسەل، ئاپەتلەر،
سەن پاسكىنا ھەممە يەرنى بۇلغايسەن.

يوقاتمىسام سېنى قوغلاپ سۈپۈرۈپ،
ئىنسانلارنى نەسلىك - ئاپەت باسىدۇ.
پارازىتلار باش كۆتۈرۈپ ھەر ياندىن،
گۈزەل ئالەم سېسىپ زاۋال تاپىدۇ.»

## ئويغىنىش

سۇرلۇك تۇستە باشلاندى يىغىن،
ئىككى باشلىق چىقتى سەھنىگە.
بىرى يىغىن باشقۇرغۇچى بوپ،
قاراپ چىقتى بىر قۇر ھەممىگە.

ئۇ ئاممىنى تەشكىللەپ دېدى:
— يەتكۈزمىگە سېلىڭلار قۇلاق.
بەكمۇ مۇھىم بۇگۈنكى يىغىن،
لېكىن ھۆججەت ئەمەس كۆپ، ئۇزاق.

ئۆخلىماڭلار ئارقىدىكىلەر،
سۆرۈلۈڭلار بىر ئاز ئالدىغا.
كوت - كوت پاراڭ سالماڭلار ھەمدە،
ئۆتۈۋېلىپ پىنھان دالدىغا.

باشلىغۇەتتى يەنە بىر باشلىق،
چاي ئوتلىغاچ ھۆججەت ئوقۇشنى.
ئايالللارمۇ قويدى توختىتىپ،
مايكا، پوسما، شارپا توقۇشنى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى ئارىدىن،
شۇنچە تىمتاس ئىدى كەڭرى زال.
ھەيران قىلىپ يىغىن ئەھلىنى،
ئۇشتۇمتۇتلا يۈز بەردى بىر ھال.

چوڭ كانايدىن ئاڭلاندى خورەك،
زال ئىچىنى سالدى لەرزىگە.
چۆچۈپ شۇئان، ئاڭلىغۇچىلار،
ھەيران بولۇپ باقتى سەھنىگە

1993 - يىل ماي، خوتەن.

## مۇراجىئەت

كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى چۈش مىسالى،
ئاقاردى چاچلار بوردا ئۇش مىسالى.
يېگانە قالدى ئەجەب قېرىغاندا،
باچكىسى ئۇچۇم بولغان قۇش مىسالى.

شۆنچىلىك چېۋەر ئىدى، ياپياش ئىدى،
باھارنىڭ قالغىچىدەك شوخ - شاش ئىدى.
كۆزىدىن نۇر ئېمەتتى سەبىي كۆزلەر،
كىچىككە كىچىك، چوڭغا مۇڭداش ئىدى.

ئۇمىدلەر قورۇق بولۇپ چىرايىدا،
مۇڭدىشىپ ئۆتمۇش بىلەن خىيالىدا.
ئولتۇرار نەۋرىسىگە زوقى كېلىپ،
چاي ئوتلاپ گۈلى ئۆچكەن پىيالىدا.

ئېھ، ياشلىق ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى،
كەچمىشلەر قاراقىدا قېتىپ قالدى.
بىر ئۆمۈر يورىدى ئۇ شام بولۇپلا،
ئۆمۈرنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ قالدى.

يېتىشكەن ئىزلىرىدىن سانسىز قىران،
قاتايلى كۈيىمىزگە ئۇنى ھامان.
بىر دەستە گۈل ئاپىرىپ ھال سورايلى،
بوپ قالدى جاھانغا ئۇ ئەمدى مېھمان.

1996 - يىل سېنتەبىر، خوتەن.

# گۈلدەستە

(14 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار فېستىۋالىدا ئالتۇن
مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان
بىلەن ئايتۇرسۇن نىيازغا بېغىشلايمەن)

باشقا قىتئە، باشقا بىر شەھەر،
ئادەملىرى يوچۇن شۇ قەدەر.
بېرىپ ئاڭا قەدىم دىياردىن،
ئاسان ئىشمۇ قۇچماقلىق زەپەر؟!

مۇقام يۇرتى، سەنئەت بۆشۈكى،
تۇغدى تالاي چولپان، ھۇكەرنى.
دۇنيا كۆزى ئادىل، ھەق ئىكەن،
تونۇپ يەتتى ئىككى گۆھەرنى.

ئىككى گۆھەر ـ بىر جۈپ قىزىلگۈل،
مەپتۇن قىلدى جاھان كۆزىنى.
ماھارىتى، كارامىتىدە،
نۇرلۇق قىلدى مىللەت يۈزىنى.

بارىكاللا، چولپان — تۇرسۇنئاي،
بارىكاللا، چولپان — ئايتۇرسۇن.
شېئىرىم بىلەن سۇندۇم گۈلدەستە ...
سىلەرگە قۇت، شەرەپ يار بولسۇن ...

1997 ـ يىل سېنتەبىر.

# قوش ئامەتلىك كىشى مەن

(ساتىرا)

يارىلىشتىن قاملاشقان، بوي ـ قامەتلىك كىشى مەن،
قاقتى ـ سوقتى ھۆنىرىم، تاپاۋەتلىك كىشى مەن،
پايدا مېنى تاپقۇچە بىتاقەتلىك كىشى مەن،
ئاجىزغا بەگ، يامانغا ئىتائەتلىك كىشى مەن،
شان ـ شەرەپتە ئالدىدا، ئىناۋەتلىك كىشى مەن،
رىزقىم پۈتمەس، يولۇم كەڭ، قوش ئامەتلىك كىشى مەن.

خۇدا بەرگەن تېگىشلىك نېسىۋىگە قانمايمەن،
تەلەي ئوڭدىن كەلمىسە «بولدىلا» دەپ يانمايمەن،
ھەر تەرەپكە شاپاشلاپ چارچىمايمەن، تالمايمەن،
ھىيلە قىلسام ھەر ئىشىم قاملىشىدۇ، چانمايمەن،
مىتە مېنىڭ ئۆرنىكىم، بىكارغا يول ماڭمايمەن،
نەپ يولىدا چارەم كۆپ پاراسەتلىك كىشى مەن.

يۇقىرىدا تېغىم بار، گەر يىقىلسام يۆلەيدۇ،
ئەركىلىتىپ ـ پەپىلەپ پەر بۆشۈككە بۆلەيدۇ،
شۇنىڭ بىلەن خورىكىم كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەيدۇ،
كۆڭۈل ئاچسام ھۆكۈمەت مالىيىسى تۆلەيدۇ،
ساپىنىمنى ئومۇمنىڭ ئۆكۈزلىرى سۆرەيدۇ،
يۆلەنچۈكتە غېمىم يوق كاپالەتلىك كىشى مەن.

دەرد تارتقانلار ئىچىدە مېنىڭ پەرياد ـ ئۈنۈم يوق،
كاتتىلارغا يېلىنماي ئۆتكەن بىرمۇ كۈنۈم يوق،

تۇغۇلۇشتىن بېشىمدا چېچىم ئالا، تۈكۈم يوق،
شۇ ۋەجىدىن كۆڭلۈم توق ئۇخلىمىغان تۈنۈم يوق،
گېپى بولسا ئەمەلىنىڭ، قۇلىقىم بار، ئۆزۈم يوق،
ئاھ، نە قىلاي بارىم قان ـ جاراھەتلىك كىشى مەن.

ياتسام ـ قوپسام غېمىم شۇ ـ ئۆسكۈم كېلەر ئېگىزگە،
ئۆسۈش ئۈچۈن ئولتۇرسام مەيلى ئىدى بىگىزگە،
ئاھ، شۇ كويدا تېگىشتىم گىلەمنىمۇ كىگىزگە،
يول بەرمىدىم بۇ ئىشتا يۈزى مەندىن نېپىزگە،
ھېچكىم ھەرگىز يېتەلمەس مەندەك يۈزى سېمىزگە،
يېتەلمىدىم تىلەككە نادامەتلىك كىشى مەن.

مۇكاپاتنى ئالىمەن ھەر تەرەپكە خەت يېزىپ،
گاھى رەتلىك، چىرايلىق، ئالدىرىسام سەت يېزىپ،
تۈگىتەلمەي گېپىمنى يەتتە ـ سەككىز بەت يېزىپ،
خەت يۈزىدە ياش تۆكۈپ پاتمان ـ پاتمان دەرد يېزىپ،
قايتا يازدىم ئۆندەرەپ، كېتىپ قالسام گەر ئېزىپ،
مۇناسىۋەت باغلاشتا كارامەتلىك كىشى مەن.

شەرەپ كەلسە ئالدىدا تالىشىمەن قىزىرىپ،
باشقىلارغا ئۈن قاتماي ئولتۇرىمەن بېزىرىپ،
يوق ئىشلىرىم ئاغزىمدىن چىقار قاتار تىزىلىپ،
يالغانلىرى راست بولار تۈمەن رەڭدە بېزىلىپ،
مەنچە ئادەم يوقتەكلا كېتەر خەققە سېزىلىپ،
ئۆزۈم ئۈچۈن ھەققانىي ئادالەتلىك كىشى مەن.

تۆھپىكار دەپ ئاتايدۇ خەق بىلمىگەچ ھىيلەمنى،
شايى ـ يىپەك مېنىڭكى، خەق باقىدۇ پىلەمنى،
تامىقىنى مەن يېسەم، خەق يۇيىدۇ چىنەمنى،
چىلىڭ تۇرىمەن پايدىدا، قېلىن قىلىپ تېرەمنى،
ئەپلەشمىسە ئىشلىرىم، ئاپىرىمەن گىلەمنى،
يۇكۇم يەڭگىل ۋە لېكىن دارامەتلىك كىشى مەن.

بىلىپ قالسا بىراۋلار ئەگەر مېنىڭ سىرىمنى،
يانچۇقۇمنى تومىلىغان يولسىز پايدا ـ كىرىمنى،
شۇئان ئىزدەپ تاپىمەن باش پاناھنى — پىرىمنى،
يوقىتىمەن ئامال قىپ شالتىقىمنى، ئىزىمنى،
ھامان غالىپ كېلىمەن پۇكمەي ئاغا تىزىمنى،
رەقىبلىرىم ئالدىدا جاسارەتلىك كىشى مەن.

كۆن كۆرەلمەس ئالدىمدا يار ـ يۆلەكسىز بىچارە،
كۆندىن ـ كۆنگە كۆكلىمەي بولۇپ كېتەر ئاۋارە،
مېنى چوڭلار قوللىسا، ئۇنداقلارغا نە چارە،
دەرد تولىدۇ ئىچىگە بولۇپ دىلى مىڭ پارە،
بۇ ئاقىۋەت چۆرەمدە تۇرغانلارغا ئىشارە،
ئۆچ ئېلىشىم تۈگىمەس قىيامەتلىك كىشى مەن.

ئۆكتە قوپسا كىم ماڭا ھەرگىز ئامان قويمايمەن،
ئۆسۈپ قالسا ئەمىلىم بالدۇر ئۇنى قوغلايمەن،
ئېرىقىغا سۇ كەلسە ئېچىقىنى تۇغلايمەن،
نېمە دېسە مەن تەييار ھۆكىرەيمەن، توۋلايمەن،
ئۇنداقلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ياۋاش تۇرمايمەن،

يەڭ ئىچىدە تىغ ساقلار ئاداۋەتلىك كىشى مەن.

بولۇپ قالسا باھالاش ئۆزۈمنىلا داڭلايمەن،
ماختاپ قويسا باشقىلار كۆلۈمسىرەپ ئاڭلايمەن،
ئەيىبىمنى ئاچسا كىم ئاڭا قاپاق ئاچمايمەن،
كىمىش ئۈچۈن پىينى پىچىقىمنى چاقلايمەن،
پۇرسەت كۈتۈپ، پەيتىدە رەھىم قىلماي بابلايمەن،
سىرتىم پاختا، باغرىم تاش جاھالەتلىك كىشى مەن.

بۆلۈشكەندە مۇكاپات كۆپ ئېلىشنى كۆزلەيمەن،
پرىنسىپنى ئۆزۈمنىڭ پايدىسىغا سۆزلەيمەن،
توساق بولسا يولۇمدا ھىيلە بىلەن تۈزلەيمەن،
پايدىسى يوق شەرەپنىڭ ئىقىنىدا ئۈزمەيمەن،
ئىش كۈتكەندەك بولمىسا ئايلاپ ـ يىللاپ كۆلمەيمەن،
ئالالمىسام پايدا ـ نەپ مالامەتلىك كىشى مەن.

بىلىپ قويغىن، نادانلار، ئاكاڭ شۇنداق كىشىدۇر،
كىچىكلەرگە سەركە ـ باش، يوغانلارغا چىشىدۇر،
بۇنداق تەدبىر مېنىڭدەك پەملىكلەرنىڭ ئىشىدۇر،
شەيتان دېگەن نېمە ئۇ، ئاكاڭ ئۇنىڭ بېشىدۇر،
غالىبلارنىڭ باھارى، ئاجىزلارنىڭ قىشىدۇر،
تۆۋەنگە بەگ، يۇقىرىغا خۇشامەتلىك كىشى مەن.

1996 ـ يىل ماي، خوتەن.

# باردى ـ كەلدى ئۈزۈلمەس

(شائىر ياسىن زىلالنىڭ «بۇ گۈل شەھەر ئۈرۈمچى»
ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

جىرىڭلىدى تېلېفون،
ئالدى ئوغلۇم شۇ ئەسنا.
دېدى، — دادام ئۆيدە بار،
كېلىدۇ مېھمان، مەرھابا.
تېخى ئاخشام كەچتىلا،
نەچچىسىنى ئۇزاتقان.
قول سىقىشىپ يېنىشلاپ،
دوستلار بىلەن خوشلاشقان.
ئولتۇراتتىم ئۆيۈمدە،
يېشىلمىگەچ مەستلىكىم.
قولۇم بارماي ھېچ ئىشقا،
كېلىپ دائىم ئەسنىگىم.
مېھمان كىردى ھۆرمەتلىك،
بىر ـ بىرىدىن سۆلەتلىك.
مېھمان كەلگەن ئۆي دېگەن،
ئەمەسمىدى دۆلەتلىك.
چارچىغاننى ـ ھارغاننى،
يېڭى مېھمان بىلەمتى.
مېنى كۆڭلى تارتمىسا،
ئىزدەپ ـ سوراپ كېلەمتى.
ئويلىدىم ـ دە، شۇلارنى،

قۇچاقلىدىم ئۇلارنى.
تىنچ - ئامانلىق سوراشتۇق،
قىلىپ سالام، دۇئانى.
— ئۇرۇمچىدىن كەلگۈچە،
يول ھاردۇقى يەتكەندۇ.
ئۇزاق يولدا بىلىڭلار،
ئاغرىپ - تىلىپ كەتكەندۇ.
قېنى چايغا بېقىڭلار،
تارتىنىشماي ئېلىڭلار،
قورۇنۇشلار بولمىسۇن،
ئۆز ئۆيۈم دەپ بىلىڭلار.
بىزنىڭ بۇ يەر نامراتراق،
ئۇرۇمچىگە يەتمەيدۇ.
توپا - چاڭلار ھەمىشە،
ئۇستىمىزدىن كەتمەيدۇ.
ئۇرۇمچى بەك بەلەنكەن،
تاغلىرىمۇ چېمەنكەن.
ئادەملىرى ئەدەپلىك،
گۈل چىرايكەن، لېۋەنكەن.
ئۇرۇمچى گۈل شەھەركەن،
قۇچىقىمۇ كەڭ ئىكەن.
ئۇستا دوختۇر شۇ يەردە،
ساقايماقمۇ ئوڭايكەن.
سەرخىل تاۋار شۇ يەردە،
تىجارەتكە قۇلايكەن.
چوڭ ھۆكۈمەت شۇ يەردە،

ھەق ـ ناھەقنى سوراركەن.
ئەمەلدارلار كىچىك پېئىل،
كۆلۈمسىرەپ تۇراركەن.
تەرەققىيات شۇ يەردە،
بېرىپ كۆرمەي بولامدۇ؟
دوست ـ يارەننى ئىزدىمەي،
يانسا كۆڭۈل ئۇنامدۇ؟
ئۇ گۈل شەھەر ئاۋات جاي،
مەمۇرچىلىق، مولچىلىق.
لېكىن قىشتا سوغ يامان،
يازدا يامغۇر، ھۆلچىلىك.
ئاغىنىمىز پالانى،
يەنە ئىچىپ يۈرەمدۇ؟
مېھمان بارسا خوتۇنى،
قاپىقىنى تۈرەمدۇ؟

تاك ـ تاك ئىشىك چېكىلدى،
مەن ئاچقۇچە ئېچىلدى،
ئۆيدىكىسى كەتمەستىن،
يېڭى مېھمان قېتىلدى.
— خۇش كەپسىلە، كېلىڭلار،
تۆردىن ئورۇن ئېلىڭلار.
ئۇرۇمچىدىن، بۇلارمۇ،
ھە، تونۇشۇپ قېلىڭلار.
ساۋاقدىشىم ما ئۇچى،
مەكتەپتە دوست بولۇشقان.

ماۋۇ شائىر - يازغۇچى،
مەتبۇئاتتا تونۇشقان.
ماۋۇ كىشى مۇھەررىر،
نەشرىياتتا ئىشلەيدۇ.
ماۋۇ ئاداش يۇرتدىشىم،
كەلسە مېنى ئىزدەيدۇ.
تېخى بىر كۈن ئىلگىرى،
بىر قانچىسى كېپ كەتتى.
تەھرىر ئاداش ھېكايە،
شېئىرىمىزنى ئېپ كەتتى.
ماۋۇ مۇخبىر، بۇ كىشى —
مۇقىملىقنىڭ كادىرى.
چوڭ ئەمەل بار قولىدا،
ھەممە ئىشنىڭ قادىرى.

— سورىساڭلار بىزدىن گەپ
دەپ بەرگۈدەك چوڭ ئىش يوق.
شۈكرى دېدۇق،
— بولىسلا —
كىيىم پۈتۈن، قورساق توق.
پاختا، پىلە، ئاشلىقنىڭ،
سەر خىللىرى سېتىلدى.
قالغانلىرى قازناقتا،
رىزىق ئۈچۈن بېسىلدى.
قەدىر ئەھۋال كۆڭلىمىز،
مېھمان كەلسە كۆلىمىز.

باشقا چاغدا تۇرمۇشنىڭ
غېمىدىلا يۈرىمىز.
تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار،
ئالدى بىلەن چاي قۇياي.
كىرسۇن پادا ئېغىلغا،
بىر پاقلىنىم بار سوياي.

— قايتامسىلەر تۇرمايلا،
تۇزۇك مېھمان بولمايلا.
كۆتەلمىدۇق تۇزۇكرەك،
هال - كۆنمىز ئۇزۇكرەك.
ماۋۇ مېغىز، بۇ ياڭاق،
خالتىدىكى گۆلە - قاق.
ئاز بولسىمۇ ئېلىڭلار،
كۆڭلىمىز، دەپ بىلىڭلار.
ئىش توغرىلاپ بۇياققا،
يەنە پات - پات كېلىڭلار.
بىزمۇ يوقلاپ بارىمىز،
ئۆيۈڭلارنى تاپىمىز.
كىچىك بولسا ئۆيۈڭلار،
ياتاق ئېلىپ ياتىمىز.
كەلسەڭلار خۇش بولىمىز،
كۆكسىمىزدە قولىمىز.
مەيلى خوتەن، ئۈرۈمچى،
شىمال، جەنۇب ھەممىسى،
ئوخشاشلا ئۆز يۇرتىمىز.

جىرىڭلىدى تېلېفون،
بالام بېرىپ ئالغىنا.
كاۋاپ قىلاي مېھمانغا،
تونۇرغا ئوت سالغىنا.

1997 ـ يىل ئۆكتەبىر، خوتەن.

# ئۈچ شېئىر

## ئاقىۋەت

كىم بىرى ماختاپ مېنى ئادىل دېدى،
ھەق ئۈچۈن سۆزلەشتە بەك دادىل دېدى.
— قامىتىڭ شەمشاد سۈپەت، سۆلىتىڭ بار،
ئاۋامنىڭ ئارىسىدا ھۆرمىتىڭ بار.
راست شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ كۈلۈپتىمەن،
ئادىل ھەم دادىل مەن دەپ يۈرۈپتىمەن.
بىر كۈنى چاقماق چېقىپ چىقتى قۇيۇن،
يۈز بەردى ئاجايىپ بىر قىزىق ئويۇن.
ئېسىمگە كېلىپ ئاشۇ ئادىللىقىم،
قوزغىلىپ ھەق يولىدا دادىللىقىم.
سەھنىگە چىقتىم مۇشتلاپ كۆكرىكىمگە،
تۇتۇشۇپ يالقۇن ـ ئاتەش يۈرىكىمگە.
چىڭ يەرگە كەلگەن چاغدا قالدىم يېتىم،
ساڭگىلاپ چۈشتى پەسكە مەغرۇر بېشىم.

ئادىل دەپ مېنى باشتا ئۇچۇرغانلار،
سەكرىشىپ مەندىن ئۆتەر قۇترىغانلار،
تۆھمەتنىڭ ئوقياسىدا ئاتتى مېنى،
نەپ ئۇچۇن كۆزنى يۇمۇپ ساتتى مېنى.
بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى، قالدىم ئامان،
ۋە لېكىن بولۇپ قالدى نامىم يامان.
ئۇ مېنى سېتىپ بىر رەت كۇلۇپ كەتتى،
يامىنى بىر كۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتتى...

## باھالاش

ھەر يىلى بىر نۆۋەت باھالىنىمىز،
جەم بولۇپ بىر جايغا قاتارلىنىمىز.
ئۇتۇقلار ئۇستىدە چۇشكەندە پىكىر،
مۇنەۋۋەر بولۇشتىن تامالىنىمىز.

نۇقسانىنىڭ سالمىقى بوپ قالسا ئېغىر،
«تۇزىتەي» سۆزىدە پاناھلىنىمىز.
نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ئاما،
نەسىھەت پايدا قىپ داۋالىنىمىز.

كولىساق بىراۋنىڭ نۇقسان - ئەيىبىنى،
بىزمۇ شۇ نۇقساندا قارالىنىمىز.
باھالاش بىر ئۆتكەل تارازا بىزگە،
ھەممىدىن خالاس بوپ مادارلىنىمىز.

## ماڭا چۈشكەن پىكىرلەر

مېنى باھالاپ بەرگەنلەر پىكىر،
ساقلايدۇ، دېدى ـ ئىدىيىدە كىر.
قۇلىقى يۇمشاق، مۇلايىم ئەمەس،
سالام ـ سائەتكە قىلمايدۇ ھەۋەس.
ئاغزى «لەببەي» گە كۆنمىدى زىنهار،
يېلىنماس چوڭغا، تارتىسمۇ دىشۋار.
شامالغا قاراپ تولغىماس بەلنى،
داشقالدىن ئايرىپ تۇرىدۇ زەرنى.
دېدىم ـ مەركەزگە ئەگىشىپ ماڭدىم،
ئەگەشمىسە كىم تەگىشىپ ماڭدىم.
سۆزلەيمەن ھەقنى تارتسامۇ زىيان،
تەڭلەپ كەلسىمۇ نەشتىرىنى چايان.
ۋىجدان دۇرۇسلۇق مېنىڭ بايرىقىم،
ئەركىم، ھوقۇقۇم قىممەت بايلىقىم.

1996 ـ يىلى، خوتەن.

## بالىلىقىا سەپەر

### 1

بالىلىقىم،
چوڭ بولۇشقا مەجبۇرلاپ مېنى،
كىملەر ئېلىپ كەتتىكىن سېنى.
قامچىسىغا دەستە قىلغان كىم،

تارتىۋېلىپ تاياق ئېتىمنى.

بالىلىقىم،
سەن ئوينىغان چۆپلۈك كەڭ دالا،
بۈر ۈنقىدەك ئەمەس كۆلگۈنچەك.
باھارنىڭمۇ خۇلقىدا رەڭ سۇس،
لالە - رەيھان ئاچمايدۇ چېچەك.

بالىلىقىم،
ئېسىڭدىمۇ چۆچەكچى بوۋاي،
ئۇزاقى يىل ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
يېڭى چىققان ئەپسانىلەرگە،
بالىلارمۇ كۆنۈپ كېتىپتۇ.

بالىلىقىم،
باھار ئىزدەپ كۆرگەن چۆشلىرىڭ،
يۇلتۇزلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ.
ياپراقلارنىڭ ھۆسنى زەپىران،
ئازغۇن جۇدۇن تۆكۈپ كېتىپتۇ.

بالىلىقىم،
بوستانلىرىڭ ناۋاسىز، جىمجىت،
پۇتۇپ قاپتۇ تونۇش چىغىر يول.
كۆركەم قىرلار قاپتۇ ئاقلىنىپ،
چېمەنلەردىن تېزىپتۇ بۇلبۇل.

بالىلىقىم،
غەم ـ غۇسسىز ئەركىن چاغلىرىم،
مېنى تاشلاپ كەتكىنىڭ راستمۇ؟
«چوڭ» بولۇشقا قىزىقىپ شۇنچە،
مۇرادىڭغا يەتكىنىڭ راستمۇ؟!

2

بالىلىقىم،
مانا بۈگۈن چوڭمۇ بوپتىمەن،
ىىراق كۆككە يەتمىدى بېشىم،
قىلىقلىرىم ئەمەس مەيلىمچە،
سېنى ئويلاپ تۆكىمەر يېشىم.

كەڭلىكلەردە ئەمەسمەن ئەركىن،
بوشلۇقلاردا سىقىلار دېمىم.
قانىتىم بار پەرۋاز قىلالماس،
روھىم بىلەن بىر ئەمەس تېنىم.

چوڭ بولمىسام بوپتىكەن باشتا،
بالىلىقىم ـ ئىكەنسەن ئەركىم.
ئۇچرىشارمىز يورۇق تاڭلاردا،
خەيرلەشكەن ئورۇندا بەلكىم.

بالىلىقىم، قايدا سەن، قايدا،
ئۇمىد بىلەن سۇندۇم ساڭا قول.
سېنى ئىزدەپ چىقتىم سەپەرگە،
سەپىرىمگە تىلىگىن ئاق يول...

1996 ـ يىلى، خوتەن.

# ئەي پەرى

بىر گۈلى رەنا يارالدىڭ، ئەي پەرى،
كۆزلىرىڭ تۈنىنىڭ جۇلاسى ـ ئەختىرى.
خۇش پىچىم زىبالىقىڭغا تەڭ ئەمەس
بارچە گۈل، ھەتتا ۋىناسىنىڭ تەسۋىرى.

لەۋلىرىڭ مەجرۇھ تېنىمگە بەردى جان،
تامچىلاپ جىسمىمغا مېھرىڭ كەۋسىرى.
سەن مېنىڭ ئەھدىم، ئەقىدەم، بارلىقىم،
سەن ئۈچۈن ئالغان نەپەسىنىڭ ھەربىرى.

مەيلى ئوڭ، مەيلى چۈشۈمدە زىكرى سەن،
ئايلىنار ئىشقىڭنى ئىشقىم كەپتىرى.
كۆيدۈرۈپ سۆيدۈڭ مېنى بارىڭ بىلەن،
تەن ئارا ئاقتى مۇھەببەت جەۋھىرى.

مەن ۋاپا پەرۋانىسى، سەن ماگما، شام،
مەن ئۈچۈن ماكرو سەنەملەر لەۋلىرى.

1993 ـ يىل 18 ـ ئىيۇن، خوتەن.

## غەزەللەر

### 1

ئىزدىسەڭ ئەلدىن كۆڭۈل، تەرسىز تەمەدىن نېرى تۇر،
يەپ ـ يۇتۇپ تويمايدىغان نەپسى بالادىن نېرى تۇر.
بولسۇن ئاقىل سىردىشىڭ، تۇتما ناداننىڭ پېشىنى،
سىرتى گۈل ـ باغرى تىكەن، كۆڭلى قارادىن نېرى تۇر.
كۈلكىلەر ھەر خىل بولۇر، سورۇندا مىڭ خىل مۇددىئا،
شادلىقى غەمگە تۇتاش نەغمە ـ ناۋادىن نېرى تۇر.
چۈشسە گەر باشىڭغا كۈن، ئىزدە ئۆزۈڭدىن پەم ـ ئەقىل،
پوستى بال، تەكتى زەھەر «مەلھەم ـ داۋا» دىن نېرى تۇر.
تۈلكىگە تۆككەن سىرىڭ چىققاي ھامان باشىڭغا، بىل،
بىر يالاق يۇندا ئۈچۈن دوستنى ساتاردىن نېرى تۇر.
بەزىلەر دەردىڭگە خۇش، كۈلكەڭنى كۆرسە ئۆرتىنەر،
ئىچ ـ تېشى تەڭلا قوتۇر، ئىبلىس ۋابادىن نېرى تۇر.
يار ساڭا مېھنەت ئەقىل، ۋىجدان، دۇرۇسلۇق تا ئەبەد،
نەسلى پەس، شەيتان خۇلۇق، پەزلى جالادىن نېرى تۇر.

### 2

تېشىپ روھىمدا بىر دەريا جاھاننى چايقىسا دەيمەن،
گۈزەللىك بىرلە سەتلىكنى چېكىدىن ئايرىسا دەيمەن.

ياراﻟﻐﺎن ھەرنە ئىنسانغا بىرىپ ئىنسانچە دىت، ۋىجدان،
كى پەس شەيتان مىجەزلەرنى تامامى جايلىسا دەيمەن.
چىنەڭگە چىقسا بىر تال چۆپ رەزىللەر نەپسى غولدايدۇ،
ئېشىنى ھەر كىشى دەخلى - تەرۇزسىز چايناسا دەيمەن.
يولۇڭدىن سەللا ئازغاشساڭ شاياتۇنلار قۇرار بەزمە،
مەرەزنىڭ قەستىدىن ھەرئان خۇدايىم ساقلىسا دەيمەن.
بىغىڭغا سۇ كېلەر بولسا قۇرار شۇملار توزاق - تۇغان،
تۇغانسىز سۇ ئىچىپ باغلار چېچەكلەپ ئاينىسا دەيمەن.
بىرى خۇش ئۇندە كۈي قاتسا، بىرى تىلغا پىچاق تەڭلەر،
جىمى ئۆز خاھىشى بىرلە ئازادە سايرىسا دەيمەن.
گۈزەللىك بىرلە سەتلىك تەڭ تۇراركەن كۈللى ئالەمدە،
گۈزەللىك ھۆسنىدىن سەتلىك دېغىنى ئايرىسا دەيمەن.

3

ئىشق كۆكىمدە چاقناپ شوخ يېنىپ ئەختەرگە ئايلاندىڭ،
دىلىمغا ئوت سېلىپ ئۆچمەس گۈزەل دىلبەرگە ئايلاندىڭ.
قاچان كۆردۈم سىياقىڭنى شۇئان مەيلىمدىن ئايرىلدىم،
جېنىمنى ئەگىدى ئىشقىڭ، گويا شەمشەرگە ئايلاندىڭ.
گۈزەللەر كۆپ ئەگەر ئۆلچەش كېرەك بولسا تىزىپ رەتكە،
بىراق سەن، مەن ئۇچۇن تەڭسىز گۈلى سەرۋەرگە ئايلاندىڭ.
سىنىڭ خىللاشلىرىڭ چىڭكەن، مىنىڭ ئالتۇنلىقىم چاندى،
بولۇپ مەن بىنەزەر داشقال، ئۆزۈڭ زەرگەرگە ئايلاندىڭ.
مىنىڭ مەجنۇنلۇقۇم ئاشتى، بىغىڭدا لەيلى كۆرمەستىن،
كۆڭۈلنىڭ مەلھىمى خۇش ھىد ئىپار ئەنبەرگە ئايلاندىڭ.
مۇھەببەت ئالىمى ئىچرە كۆيۈكتە ئۆلمىگەن ھېچكىم،

بىراق رەھىمسىز تىلەپ بارسام ئەجەب خەنجەرگە ئايلاندىڭ.
قوتۇلماي ئىشقى دامىڭدىن ئۆتۈشكە رازىمەن، ئەي يار،
ماڭا ھۆرلۇك راۋا قىلماي سىھىر ـ چەمبەرگە ئايلاندىڭ.

4

بىرغىنە باقتىڭ ماڭا، باغرىمنى گۇلخان ئەيلىدىڭ،
ئاشىقىڭنى قۇل قىلىپ، سۆيگۈڭنى سۇلتان ئەيدىلىڭ.
كىرپىكىڭ ئوقياسىدا ئاتتىڭ مېنى، بولدۇم بىھوش،
ئوۋلىدى ئىشقىڭ مېنى، قەلبىمنى نىمجان ئەيلىدىڭ.
سارغىيىپ ئالدىڭدا مەن سۆيگۈ تىلەپ بولدۇم زەبۇن،
دىل تۆرىم تالىق ساڭا كەلمەكنى مېھمان ئەيلىدىڭ.
نۇر تىلەپ تۇرغان زېمىن بولدۇم، ئۆزۈڭ ئالتۇن قۇياش،
پەستە مەن، يۇكسەكتەسەن، مېھرىڭنى ئاسمان ئەيلىدىڭ.
چىنلىقىم، سادىقلىقىم بولدى خازان، رەھىمسىز تىلەپ،
چىن ۋاپادىن تىكلىگەن قۇببەمنى ۋەيران ئەيلىدىڭ.
بىلمىدىم، كۆيگەنلىكىم شۇنچە گۇناھمۇ، ئېيتقىنا؟!
ئەس ـ ھوشۇمنى رام قىلىپ ھەر جايدا سەرسان ئەيلىدىڭ.
گۇل ئۇچۇن بۇلبۇل ياقا يىرتىپ ناۋا قىلغانچە مەن،
ۋە لېكىن بۇلبۇلنى سەن قىيناپكى غىژمان ئەيلىدىڭ.

5

ئەجەب ئىشقۇ، ئۆزۈڭ باشتا سۆيۈشنى ئىختىيار قىلدىڭ،
ئىشقتىن بەلگە يوق كۆڭلۇم قېتىدا ئوتنى بار قىلدىڭ.
يېنىپ باغرىڭدىكى ئاتەش تۇتاشتى ئوت ماڭا ئاخىر،

سىنى سۆيمەك قارار بولدى، سۆيۈشنى بىقارار قىلدىڭ.
مۇھەببەت دەشتىدە سەرسان بولۇپ، ئەسلىمدىن ئايرىلدىم،
قىچىپ مەندىن ئەجەب، ئەمدى ۋىسالغا زارۇزار قىلدىڭ.
سەۋەبنى بايقىسام، غەيرىي بىلەن بوپسەن، مېنى تاشلاپ،
ئەمەس خار بولغىنى مەن، دەل ئۆزۈڭ سۆيگۈڭنى خار قىلدىڭ.
جۇنۇنلۇق دەشتىنى تەكرار كېزىشنى بىراۋا بىلدىم،
ئاشۇ شاللاقلىقىڭ بىرلە ئەقىدەمنى بىكار قىلدىڭ.
سۆيۈشنىڭ ۋەزنىنى پۇل ـ مال بىلەن ئۆلچەيدىغان پەسكە،
سىتىپ ئارىڭنى سەن ئاخىر تېنىڭنى مال ـ تاۋار قىلدىڭ.

**6**

ئەقىدەم تاغ ساڭا، دىلبەر، مېنى دىلدىن سۆيەر بولساڭ،
يېنىپ باغرىمدىكى ئوتتەك، ماڭا جاندىن كۆيەر بولساڭ.
ھاياتلىق ئالىمى ئىچرە سىنى سۆيدۇم بولۇپ مەپتۇن،
جېنىمنى بەرگىلى تەييار تۇرارمەن سەن كۇلەر بولساڭ.
رەقىبلەر تېرىسا پىتنە ئۇرۇپ تىغ رىشتىمىز ئۈزرە،
ئاقار ياشىم بولۇپ دەريا، سۈيىدە گەر ئۆزۈڭ ئاقساڭ.
سۆيۈشسەك ئۆرتىنەر باغرى ھەسەتتە لەيلى ـ مەجنۇننىڭ،
يېنىڭدا بولمىسام بىر تۈن كۈتۈپ تاڭنى تۈنەر بولساڭ.
ئەقىدە ـ ئىستىكىم خالىس، ۋاپادىن ئۆزگە پەيلىم يوق،
مۇرادىمغا تىلەپ مەنزىل تىلەكىمگە كۆنەر بولساڭ.
ۋىسال ئىزدەپ كۆزۈم يۇمسام، ساڭا ئارمانلىرىم قالغاي،
قىلىپ كۆكسىڭنى گەر قۇببە، ئاڭا جىسمىم كۆمەر بولساڭ.
مۇھەببەت ۋادىسى سۆيگۈ ۋاپادا ياشنىغاي گۈللەپ،

قىلىپ تۇپراق ۋۇجۇدۇمنى، بولۇپ چوغلۇق ئۇنەر بولساڭ.

7

ئۆتۈپ كەتتى باھارىم گۇل ئاچالماي، نە قىلاي ئەمدى؟
بېرىپ زوق بەھرىدىن، خۇش ھىد چاچالماي، نە قىلاي ئەمدى.
زىمىستان بىۋاقىت كەلگەچ كۆڭۈلنىڭ نوتىسى سۇلدى،
قېنىپ تەشناسىغا مەلھەم تاپالماي، نە قىلاي ئەمدى.
ئۈمىد دەرياسىنى تۇغلاپ ئارام تاپتى شاياتۇنلار،
كۆڭۈل دەرياسى مۇز تۇتتى، ئاقالماي، نە قىلاي ئەمدى.
قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ، مېنىڭ ئارمانلىرىم ئەركىسىز،
ئۇچالماس قۇش قانات ـ پەرنى يايالماي، نە قىلاي ئەمدى.
تۆكۈلگەن تەر بىكار كەتتى، جانان سۇت ئۇيقۇغا پاتتى،
يۈرەك تالجىقتى، دىلبەرنى تاپالماي ـ نە قىلاي ئەمدى.
سۇرۇشتى پەيزىنى قۇتنىڭ ئىشقىسىز، روھى تۇتقۇنلار،
كۆيەر باغرىم، چىداپ دەردكە ياتالماي، نە قىلاي ئەمدى.

8

رەھىم قىل ئەي گۇل پەرى، ئىشقىڭدا بولدۇم پارە ـ پار،
بۇنچىلىك خار ئەيلىمە، قىلسام كۆيۈشنى ئىختىيار.
ئەس ـ ھوشۇم پەيۋەندەدۇر، سەن ئۈچۈن، بىر سەن ئۈچۈن،
سەن ئۈچۈن تارتسام ئازاب، بىلدىم ئۇنى قۇت ـ ئىپتىخار.
نازلىنىپ باقساڭ قاچان تىترەت تېنىم ياپراق مىسال،
جان تىكەي ۋەسلىڭ ئۈچۈن بەرگىن ماڭا بىر پەيت قارار.

ئاز كېلەر ئىشقىڭدا مەن ئۆلسەم ـ تىرىلسەم مىڭ قېتىم،
كۈندە كۆرسەم قىسقا كۈن، تۈندە ئۆتەرمەن زارۇزار.
گۈل يۈزۈڭ، ئەختەر كۆزۈڭ روھىمدا يانغان جۈپ قۇياش،
شۇ قۇياشنى كۈنۈ ـ تۈن بولدۇم كۆرۈشكە ئىنتىزار.
ئۈزمىدىم قىلچە ئۈمىد، يانسامۇ دەردتە ئوت بولۇپ،
مەيلى ئۆرتە، قىيىنغىن، ئەيلەپ چېچىڭنى بەلگى دار.
لازىمىم بولسا ساڭا مەيلى دوزاخقا بۇيرىغىن،
سەن ئۈچۈن ئۆلسەم، دوزاخمۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ باھار.

9

ئاھ، نېتەي كۆيدۈم ساڭا كۆيمەسكە سەۋرىم قالمىدى،
لەيلى سەن، مەجنۇن بولۇپ سۆيمەسكە سەۋرىم قالمىدى.
ماگىمدەك ئاقتى يۈرەك ـ باغرىم سېنىڭ ۋەسلىڭ تىلەپ،
كۆزلىرىم ئىزدەر سېنى، كۆرمەسكە سەۋرىم قالمىدى.
ئارمىنىم ـ ئاھىم بولۇپ سەلكىن، سېنى قۇچتى نىگار،
سەن ئۈچۈن سۈردۈم خىيال، سۈرمەسكە سەۋرىم قالمىدى.
نازىغىنىپ ماڭساڭ ئىزىڭ تۆكتى تۈمەن خىل لالە، بۈي،
سىردىشىپ پايەڭ بىلەن يۈرمەسكە سەۋرىم قالمىدى.
گۈل يۈزۈڭ، گۈلزار ئۆزۈڭ، ئاھىم تۆكۈپ مەن يانىڭە،
باغرى قان بۇلبۇل بولۇپ ئۈنمەسكە سەۋرىم قالمىدى.
ئۈزمىدىم سەندىن ئۈمىد، بولسۇن تەسەددۇق جان ساڭا،
ھەرنە شەرت قويساڭ ئاڭا كۆنمەسكە سەۋرىم قالمىدى.
لالە رەڭ مەيدىن بۆلەك سىرداش تەسەللى يوق ماڭا،
سۆيمىسەڭ رەھىمىڭ تىلەپ ئۆلمەسكە سەۋرىم قالمىدى.

## 10

قوندى قار ساچىم ئارا، ئۆمرۈمگە رىزۋان تاپقۇچە،
تەمتىرەپ تۈن قوينىدا سۈبھىدە چولپان تاپقۇچە.
گاھ، كۈلۈپ، گاھ ياش تۆكۈپ، ئۆتتى تېگىرقاپ ياشلىقىم،
مېھرى ياز، دەردكە داۋا دىلبەرۇ جانان تاپقۇچە.
ئارمىنىم شۇنچە بۈيۈك، ئەمما پەلەك ئايلاندى سول،
ئوت ئارا ياندىم كۆيۈپ ۋەسلىمگە ئىمكان تاپقۇچە.
گاھىدا بەد قىلمىشىم يوقلۇققا ئېپ باردى مېنى،
ئاق ـ قارانى پەرق ئېتىپ ئەقلىمگە ۋىجدان تاپقۇچە.
قايمۇقۇپ يۈردۈم ئۇزاق، ماڭغان يولۇمنى بايقىماي،
تەڭ بېقىپ ئوڭ ـ سولغا مەن يولباشچى ئىنسان تاپقۇچە.
شۇنچىلىك مۈشكۈل ئىكەن «ئالماق» ، «بېرىش» نىڭ كەينىدىن،
تەر تۆكۈپ بولدۇم ھەلەك رىزقىمغا بىر نان تاپقۇچە.
بايقىسام ئۆتكەن ئۆمۈر ئوخشايدۇ خۇددى چۈشكىلا،
ئاچسىدى بەختىم چېچەك ئۆلمەككە پەرمان تاپقۇچە.

## 11

ئۆيۈمگە بىر كېلىش قەستىڭ، مانا ئاخىر كېلىپ تىندىڭ،
كۆڭۈلچەكلىك مىجەزىمدىن مېنى دەردكە سېلىپ تىندىڭ.
قىلىپ مىڭ خىل كەرەشمە ـ ناز خۇيۇڭغا كۆندۈرۈپ ئالدىڭ،
بويۇڭدىن ئاشقۇچە ئالتۇن، بىساتىمنى ئېلىپ تىندىڭ.
قەدەمدە ئىشلىتىپ ھىيلە، مېنى مېھرىڭگە بەنت ئەيلەپ،
ماڭا بەرگەن قەسەم، ۋەدە، قارارىڭدىن تېنىپ تىندىڭ.
ئاراز ـ جاڭجال بېسىقماستىن ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى كەتتى،

ئۇچاڭ ئاپتاپ كۆرۈپ سەللا مۇرادىڭغا قىنىپ تىندىڭ.
خىتىڭنى ئال دېسەم، ئۆيدىن مېنى قوغلاشنى پەم قىلدىڭ،
بىساتىمنى ئېلىپ قانماي، يەنە خەققە سېتىپ تىندىڭ.
بىتىڭ شۇنچە قىلىنكەن يار، ئېلىپ شۇنچە، سېتىپ قانماي،
ئاتانامدىن مىراس قالغان مەدەنلەرنى ئېچىپ تىندىڭ.
ئالارنى ئېپ بولۇپ، غۇربەت ئارا تاشلاپ بۇ كۆلبەمنى،
يالاڭ تۆش قالدۇرۇپ ئاخىر مېنى، ئەمدى قېچىپ تىندىڭ.

12

كىشىگە تاجۇ سۆلەتتۇر، ئاۋام ئىچرە قەدىردانلىق،
ۋەتەن، مىللەتكە كۆرسەتكەن بىمېننەت تەر - تىرىشچانلىق.
بىرى كەتسە كېلەر بىرسى، (ھاياتنىڭ قانۇنى شۇنداق)،
ئۆزۈڭ كەتسەڭ قالار نامىڭ ئەگەر بولساڭلا ۋىجدانلىق.
ئەقىلدۇر روھنى يورۇتقان، ھەسەت ئۇ خورىتار جاننى،
قولۇڭدىن كەلسە كۆرسەتكىن، ياۋاشقا خەيرۇ ئېھسانلىق.
ھۇنەرلەر ئىچرە ئەڭ مۇشكۇل ئۆگەنمەك چىن پەزىلەتنى،
پەزىلەت شۇ سېنىڭ ھەربىر ئىشىڭدىن چىقسا ئىنسانلىق.
قارا تۇنلەردە تاڭلارنى باغاشلاپ يات زېرەك بولساڭ،
قىلار ھاسىل مۇرادىڭنى، ئۈمىد، ئىخلاس، سەۋىرچانلىق.
سىلا تۇكلەرنى تەتۈرگە، گېزى كەلسە يانار تاغ بول،
ئېسىللىككە ئەمەس ئەنداز «قېنى خوش - خوش» ۋە مىشچانلىق.
ئەقىدە - ئېتىقاد ئايرىپ تۇرار ئادەمنى ھايۋاندىن،
كى زەررە قىممىتىڭ بولماس قىلىپ يۇرسەڭ سېغىزخانلىق.

## 13

ئاجايىپ بىر جاھانكەن بۇ، غېمى يوق بىرمۇ ئىنسان يوق،
بىرى توقلۇقتا كېكىرسە، بىرىگە تويغۇچە نان يوق.
بىرى ۋىجدان ئۈچۈن جاندىن كېچىپ جەڭلەرگە ئات سالسا،
بىرى نەپسى ئۈچۈن ساتقىن، نومۇسسىز تەرىدە قان يوق.
بىرى ئاش تەرسە ئالتە ئاي ياز تومۇزغا قاقلىنىپ، تەرلەپ،
خامانىنىڭ ئىگىسى باشقا، قاپارغان قولدا بىر دان يوق.
كىلەدەك قاقلىنىپ كۈنگە ياتار تەييارغا ھەييارلار،
ھاياتنىڭ قىممىتى نەدە، دىلىدا زەررە ئارمان يوق.
تېنىدە روھى ئۆلگەنلەر كۆنەر قۇللۇقتا ھېچ شەرتسىز،
ئۆلۈمنىڭ دەھشىتى كەلسە ئۇلارچە نەرقى ئەرزان يوق.
خۇشامەتكە پۈكۈپ بەلنى، پۇچۇق نانغا سېتىپ ئەلنى،
بەخت تاپقان خۇنۇكلەرگە قارا تۇندە شەبىستان يوق.
تۆرەلگەن تۇرقىدىن ئادەم، بىراق قىلمىشلىرى شەيتان،
جىگەرسىز ناجىنسلارنى چاپارغا ئەمرى - پەرمان يوق.

## 14

جانانىنىڭ ۋەسلىدە سەرسان مېنىڭدەك خارۇزار بارمۇ؟
كۆڭۈل سۆيگەن نىگارچۇن جان بېرىشتەك ئىپتىخار بارمۇ؟!
سۆيۈشنىڭ ۋەزنى مىڭ مەرتە ئاشاركەن بىۋىسال بولساڭ،
كۆيەر جىسمىمدا مىڭ دوزاخ، بۇ ئوتتا تەڭ يانار بارمۇ؟!
قاچان چۈشتى بۇ كۆن باشقا، يوقاتتىم كۆلكە - شادىمنى،
مېنىڭ دەردىم ئۈچۈن مەلھەم ساتارغا بىر بازار بارمۇ؟!

جانان ۋەسلى ئۈچۈن جاندىن كېچىشكە رازىمەن ھەردەم،
ۋىسال دەشتىدە يۈمسام كۆز، يولۇمغا ئىز باسار بارمۇ؟ !
جانان خار بولسا بىر ئىپلاس تاپانىنىڭ ئاستىدا، مىڭ ئار ...
سۈكۈت قىپ جىم يېتىشتىن پەس يۈيۈلماس داغۇ - ئار بارمۇ؟ !
سۆيەلمەي يا سۆيۈلمەي بۇ يۈرەك تالجىقتى ھەسرەتتە،
قاچان ئارمان بولار ھاسىل ئېنىق بىر پەيت قارار بارمۇ؟ !
ئۈنى باغرىمغا بىر ياقماق ئۈچۈن بۇ جاندىن ئايرىلسام،
يۈيۈپ تاراپ مېنى دەپنە قىلىشقا جاي - مازار بارمۇ؟ !

## 15

گۈلۈم كەلمەسكە كەتتىڭ سەن، سېنى كۈندە كۆرەلمەيمەن،
خۇشاللىقتىن جۇدا كۆڭلۈم، كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمەيمەن.
ئۈزۈلگەن تارىدۇر قەلبىم، ناۋا - كۈيلەرگە تاۋىم يوق،
بىراق رىشتىمنى بىر سەندىن ئۆمۈرۋايەت ئۈزەلمەيمەن.
لاۋىلداپ دىلدا بىر يالقۇن ماڭا كۆرسەتتى ۋەيلۈننى،
يەنە بىر ئوتتا مەن بۇنچە پىداكار بوپ كۆيەلمەيمەن.
ناۋاسىز قالدى گۈل باغىم، چۆكۈپ كەتتى گويا تاغىم،
ئۆزۈم بىر چۆلدە خار مەجنۇن، قايان مەنزىل بىلەلمەيمەن.
ئىچىمدە قاينىغان ئاتەش نەپەستىن ئۆرلىتەر ۋولقان،
تۈتاشتى جانغا ئۆچمەس ئوت، كۆيۈپ مەڭگۈ ئۆچەلمەيمەن.
گادايدەك تەلمۈرۈپ كۈن - تۈن سېنىڭ ۋەسلىڭگە زار بولدۇم،
سېنى يادىمغا ئالماي بىر مىنۇت - سائەت ئۆتەلمەيمەن.
ئازابلار قىينىدى جاننى، بىدار تۈندە كۈتۈپ تاڭنى،

كىچەي دەيمەن، بىراق باشقا بىرىنى ھېچ سۆيەلمەيمەن.
رىسالەمگە مۇشۇنداق بىر نىدا ـ قىسمەت پۈتۈلگەنمۇ،
ئېلىپ باشىم كېتەي دەيمەن، يەنە يار دەپ كېتەلمەيمەن.

## 16

نىگارىم پۈتلىشىپ كەتسەڭ قولۇڭنى تارتقىلى مەن بار،
ئەلەم دەرياسىدا ئاقساڭ ئۆزۈمنى ئاتقىلى مەن بار.
بىتابلىق كەلسە كۈتمەستىن، ئېگىپ باشىمنى لوقمانغا،
كېزىپ جىمىكى ئىقلىمنى شىپالىق تاپقىلى مەن بار.
ئەگەر بەختىڭگە كۆز تەگسە، يۈرەكىمنى تۇمار ئەيلەپ،
ياساپ باغ سۆيگۈ رىشتىمدىن بويۇڭغا ئاتقىلى مەن بار.
يېگانە ئاتلىنىپ قالدىڭ سەپەرگە، ئەي قەدىردانىم،
يولۇڭدا كەلسە گەر كۈلپەت يېشىڭ بوپ ئاققىلى مەن بار.
تېپىشماق كەلسە ئالدىڭغا ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن رىغبەت،
خەۋەر قىل ھەم ماڭا ھالىڭ جاۋابىنى تاپقىلى مەن بار.
نىھايەت تۈندە ئەنسىزلىك بولۇپ تەتۈر قۇيۇن چىقسا،
ۋەھىم ـ ئەندىشىگە چۆكمە، ئىشىكنى ياپقىلى مەن بار.
پېيىڭگە چۈشسە ئازغۇنلار، ئەقىدەڭدىن مەدەت كۈتكىن،
يامان كۆزلەرگە قەھرىمدىن كامانلار ئاتقىلى مەن بار.
ئۆزۈن تۈنلەردە خورسىنساڭ، دىلىڭنى ئەزسە شۇم ھىجران،
دىلىڭ ئاسمانىغا سۆيگۈمنى كۈندەك ئاسقىلى مەن بار.

داۋانلار ئاتلىساڭ، يولنى ئېگىز تاغلار توسار بولسا،
گويا پەرھات كەبى بىستون تېغىنى چاققىلى مەن بار.
ئۆزۈلسە رىشتىسى دىلنىڭ بۇلاقنىڭ تۆكمىسۇن تامچە،
ھاياتىمنى پىدا ئەيلەپ، ئۇلاپ چىڭ چاتـقىلى مەن بار.
سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن ھەرنە جاپالارغا پىدا قۇلمەن،
پەقەت سەنلا كۆلەر بولساڭ، ئەلەمگە پاتـقىلى مەن بار.

## 17

نىگارىم، سورىساڭ ھالىم، بەخت ـ قۇتتىن جۇدادۇرمەن،
يۈرەك زاردەپ، سۇنۇق كۆڭلۈم، دىلىم دەردتە يارادۇرمەن.
نېتەي بىر جۇپ بۇلاقىمدىن بۇلۇقلاپ توختىماس چەشمە،
ئەبەدلىك تەلىيىم قاچقان ئەجەب بەختى قارادۇرمەن.
تىلىپ باغرىمنى خەنجەردە، يىلاندەك چىرمىشىپ ھەسرەت،
مېنى قاقشالغا ئوخشاتتى، غېرىبلىققا پاناھدۇرمەن.
ئۆزۈن تۈنلەردە يۇلتۇزدىن سېنىڭ كۆزۈڭنى ئاختۇردۇم،
تاپالماي ئىزدىگەن نۇرنى نىگاھىمدىن خاپادۇرمەن.
ئۆتەر كۈنلەر پېتىپ مۇڭغا، ماڭا خۇي بولدى مىسكىنلىك،
ئۆزۈمدىن ئۆزگىگە تىنماس گويا تىلسىز گاچادۇرمەن.
نىدا ـ پەريادلىرىم قۇچتى پايانسىز كۆللى ئالەمنى،
سېنىڭ ۋەسلىڭگە تەلمۈرگەن بىتەلەي بىر گادادۇرمەن.
يولۇمدا ئۇندى شۇمبۇيا ئەجەب كەڭلىكتە قىستالدىم،
مېنى كىم سورىسا «كىم» دەپ بوغۇلغان بىر سادادۇرمەن.

## 18

شەپقىتىڭ چەكسىز، ئىلاھ، ئەمما ماڭا يەتكۈزمىدىڭ،
يار ئوتى، تەشۋىشنى دىلدىن يىراق كەتكۈزمىدىڭ.
ۋەسلىدىن ئۆزگە ماڭا كۆلمەك ـ ئىچىلماق نە كېرەك،
چوغ كەبى لەۋلىرىگە بىر رەت لېۋىم تەگكۈزمىدىڭ.
ئوت ئارا قاقشال بولۇپ كۆيدۈم پاراسلاپ، ئۆچمىدىم،
ۋە لېكىن يارنى گۈلى سەرۋەر قىلىپ ئەگكۈزمىدىڭ.
چەككىنىم پىغان ـ ئەلەم، يۈرىكىم پارە بۆدەم،
بۇ ئەلەم ـ ھەسرەتنى يارغا سەن نېچۈن چەككۈزمىدىڭ.
تەن ۋە جان پۈتتى ئېقىپ، ۋەسلىگە يەتمەي تىلەك،
ئوتتا مەن، دوزاختا مەن، يارنى رەھىم ئەتكۈزمىدىڭ.

## 19

بىر ئەمەس مىڭ بىر بۇلاق مىسلى كۆزۈمدىن ئاققىنى،
ياش ئەمەس بەلكى قېنىم، بويلاپ يۈزۈمدىن ئاققىنى.
ئاھ پەلەك جانغا ئېكەك سالدى ماڭا بەرمەي ۋىسال،
نالىدۇر ۋەيلۇن دوزاخ ئىچرە ئۆنۈمدىن ئاققىنى.
تەندە ئوت، جاندا ئازاب، ئاتەش دىمىمدىن ئۆرتىنەر،
تەلىيىم يۇلتۇزىدۇر كېچە تۈنۈمدىن ئاققىنى.
لەرزىگە كەلگەي دالا ـ تاغلار مېنىڭ ئاھىم بىلەن،
نۇر ئەمەس رەڭگى ئىشىق، سۇبھى كۈنۈمدىن ئاققىنى.

قامىتىم يادۇر بۇدەم، روھىم جاھاندىن تەركىدۇر،
بەلكى بىر قۇلىنىڭ يېشى ئەرلىك سۇرۇمدىن ئاققىنى.

## 20

بىر قۇلۇڭدۇرمەن، سۆيگۈگە زار مەن،
گاھ، ئۆلۈكتۇرمەن، گاھىدا بار مەن.
سەن ئۇچۇن كۆكتىن تەرمىشىم يۇلتۇز،
ۋە لېكىن سائىل نەرقىدە خار مەن.
گەر كىرەك بولسا سەن ئۇچۇن ئۆلمەك،
نە كىرەك قورقۇش، بىر پىداكار مەن.
سۆيگۈ دەپ جىسمىم چەشمىدەك ئاقتى،
سەن ئۇچۇن سەۋدا باغرى خۇنخار مەن.
ئۆلگۈدەك قىيناپ، سۆيمىدىڭ بىر رەت،
رىشتىدە جان يوق بىر ئۇزۇك تار مەن.

## 21

ئەجەب مىسكىن غېرىبتۇرمەن، خۇشال يايراپ يۇرەلمەيمەن،
بۇلۇتلۇق ئاسمىنىم ھەر چاغ قۇياش نۇرىن كۆرەلمەيمەن.
ھاياتتىن كۆرمىدىم خوۋلۇق، نېچۇندۇر قىسمىتىم شورلۇق،
نىگاردىن ياغمىدى شەپقەت، بەخت پەيزىن سۇرەلمەيمەن.
مېنى بوشلۇقمۇ قىستايدۇ، پۇتۇمنى قويغۇدەك يەر يوق،

سۆزۈك دەريا ماكانىمدۇر، لېكىن ئەركىن ئۈزەلمەيمەن.
تەسەللى بەرمىگىن، ساقى، شاراب باسماس پىراقىمنى،
ئەجەبكىم تەلىيىم كاجكەن، يېڭى تەقدىر پۈتەلمەيمەن.
نىگارىم ئۆتتىدى ئاخىر، ساراڭدىن ئىتمۇ قاچقاندەك،
بىراق ئۇندىن بۇ كۆڭلۈمنىڭ غېرىب رىشتىن ئۈزەلمەيمەن.

## 22

دەرىخا، ئۇشبۇ ياشىمدا ئەجەب دەردكە دۇچار بولدۇم،
غېرىبلىق دەشتىدە سەرسان گويا پەيدەك ئۇچار بولدۇم.
يانار تاغ مىسلى ئاھىدۇر، يىغا ـ نالەشلىرىم لەھزە،
تىلەپ ئىنساپىنى يارنىڭ ساراڭدەك پۇشتى خار بولدۇم.
يېگەن ئاشىم زەھەر يەڭلىغ، كۆيۈمگە باقىدۇر ھەسرەت،
نېمە بۇ كەلگۈلۈك، يا رەب، تېنىم ساق، دىل بىمار بولدۇم.
تىلەكىم، كۆلمىدى زىنھار، سۆيۈشتىن تەلىيىم كاجكەن،
رىياكار باغرى تاش يارغا مىسالى قۇل ـ چاكار بولدۇم.
كېچە مۇڭداش تولۇن ئايغا، ناھايەت كۆندۈزۈم تۈندۇر،
خالايىق ئالدىدا مىسلى قەلەندەر شەرمىسار بولدۇم.
1998 ـ يىل 20 ـ نويابىر، خوتەن.

# رۇبائىيلار

ئەمەل ۋە مەرتىۋە چوڭ نەرسە ئەمەس،
قىلمىسۇن دىلىڭنى ئۇنىڭ زوقى مەس.
ئەمەل ـ تاج سۇرىدىن ئىزدىسەڭ ھۆرمەت،
ئاۋامنىڭ قەلبىدە ئورنۇڭ بولۇر پەس.

※ ※

مەي تۇتسا ناۋادا ساڭا بىر رايىش،
گەر سۇلتان بولساڭمۇ بەر ئاڭا ئالقىش.
مۆمىننىڭ ئالدىدا غادايماق ئاسان،
ھەممىدىن كۇلكىلىك ياۋاشقا كايىش.

※ ※

چۈشسە گەر بىراۋنىڭ ھاجىتى ساڭا،
قولۇڭدىن كەلسە قىل ئىلتىپات ئاڭا.
سۇ ئىچىش مۇمكىنمۇ ئېڭىشمەي تۇرۇپ،
ئويلاپ كۆر، نە سەۋەب ئەڭ ئۇلۇغ ئانا؟!

※ ※

رىزقىڭغا ھالاللىق ئىزدىسەڭ ئەگەر،
ئۆزگىنىڭ ئەجرىگە بولما تەمەگەر.
بى مېھنەت شۇنچىلىك بولارمۇ قىممەت،
سايىدىكى تاشلارنىڭ بەرى بولسا زەر؟

※ ※

تىلەيسەن دوستۇڭدىن سەمىمىيەتنى،
تىلەيدۇ ئۇ سەندىن خالىس نىيەتنى.

بېغىڭغا جۇت تەگسە، قوغدىماي تۇرۇپ،
كۆتكىنىڭ نېمىسى شېرىن ـ شەربەتنى؟!
※ ※
مەيلىچە ھېچكىمنىڭ ئۆلگۈسى كەلمەس،
تىرىكنىڭ جەننەتنى كۆرگۈسى كەلمەس.
بولسا گەر شۇ جەننەت ئاخىرەتتە راست،
موللىلار ھېچقاچان پانىيدا يۈرمەس.
※ ※
راستتىنلا جەننەت بار دېسەڭ باقىيدا،
تاۋۇتقا چىققىن تېز قالماي ئارقىدا.
ئۆزگىنى جەننەتكە ئۈندەيسەن، بىراق،
سەن يەنە يۈرۈيسەن پىنھان ـ دالدىدا.
※ ※
كىيمىسەم بېشىمغا تومۇزدا كۇلا،
دېدىڭسەن «باشتاقلىق بەك ئېغىر گۇناھ»
تەر باسقان شۇ سەللەڭ ئەزىزمۇ باشتىن،
ئەسلىدە قايسىنى ياراتقان خۇدا؟!
※ ※
ئۆلگەنلەر كەتتى، بىز يىغلىشىپ قالدۇق،
ھەتتاكى مازارغا ئۈزىتىپ باردۇق.
كەتكەنلەر كەتتى، بىز — تىرىك قالغانلار،
«ئۆلگەن» نىڭ ئىشىدىن نە ساۋاق ئالدۇق.
※ ※
نەپ دېسە توخۇدىن دان تىلەر دوستۇم،
قىزارماي مۇشۇكتىن نان تىلەر دوستۇم.

زامانە ئاخىردا پايدا بار دېسە،
ھەتتاكى ئۆلۈكتىن جان تىلەر دوستۇم.

※ ※

ئىتلارنىڭ چىشلىشى چىشىدىن مەلۇم،
مەككارنىڭ ھىيلىسى ئىشىدىن مەلۇم.
سىرتى گۈل، ئىچىدىن توڭگۇز ماڭارنىڭ،
سەن كۆلسەڭ، يىغلىغان يېشىدىن مەلۇم.

※ ※

ئىنسانغا قىممەتتۇر ئىنسانلىق خىسلەت،
ھايۋانىي قىلمىشلار ئادەمگە ئىللەت.
تونىماي يۇرسە گەر ئۆز نۇقسانىنى،
يوقىلار تارىختىن شۇ نادان مىللەت.

※ ※

ئۆزىچە پۇتمەيدۇ ئىمارەت - بىنا،
قانچىلىك ئادەمسەن، ئۆزۈڭنى سىنا.
ۋە لېكىن قىلالماي ھېچقانداق ئىشنى،
قويمىغىن قىلغاننىڭ پۇتىغا مىنا.

## چېقىمچى

(ساتىرا)

ئۇۋال قىلار مەردلەرگە تۆھمەت چاپلاپ چېقىمچى،
پەي قىرقىيدۇ توختىماي پىچاق چاقلار چېقىمچى.
رەزگىلەرگە تون يېپىپ ھارماس ئاقلاپ چېقىمچى،
چىقىرىدۇ «ئۆلدى» گە قالساڭ ئاقساپ چېقىمچى،
جان باقىدۇ ئۆي - ئۆيدە يالاق يالاپ چېقىمچى.

ئۇخلىمايدۇ كېچىدە پايپاق بىلەن يول مېڭىپ،
ئايلاندۇرار باشلارنى پېرىخوندەك داپ چېلىپ،
تېنىۋالار گېپىدىن قالسا ئىشى گەر چېنىپ،
«چاقسام بولار كىمنى» دەپ ئۇخلىيالماس بىر قېنىپ،
ئىشەندۇرەر نادانلى گەپتە ئالداپ چېقىمچى.

قاراپ قويساڭ بىرسىگە باركەن دەيدۇ چاتىقى،
بالا بولۇر ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭنىڭ شوخ چاقچىقى،
چىدىمايدۇ بىرسىنىڭ چىقسا نامى ـ ئاتىقى،
تۈگىمەيدۇ ئۇنىڭدا گەپنىڭ شېرىن ـ تاتلىقى،
ئىپار قىلار زەھەرنى گەپتە قاپلاپ چېقىمچى.

يۆتەلسەڭمۇ چاققاندا «چۇقان سالدى» دەيدۇ ئۇ،
تېرىۋالساڭ بىر تال دان «خامان ئالدى» دەيدۇ ئۇ،
بىر زىخ كاۋاپ سىيىرساڭ «پاقلان ئالدى» دەيدۇ ئۇ،
سالام قىلساڭ بىرىگە «ھامان ئالدى» دەيدۇ ئۇ،
ھۆكۈم قىلار ھەر ئىشقا ئۆزى چاغلاپ چېقىمچى.

بەلگىسىدۇر ئۇنىڭكى ـ ئېغىز ياقماق قۇلاققا،
توكۇرغا قول، ھاسىنى تۇتقۇزىدۇ چولاققا،
بىگۇناھنى قويار ئۇ دەككە ـ دەشنەم، سوراققا،
ھوسۇل ئالار بۇغدايدىن ئۇلاپ ئارپا ـ قوناققا،
غەلىبە قىلار پاختىدا چوغنى ساقلاپ چېقىمچى.

تۇتاشتۇرساڭ تاماكا، «ئوت قويدى» دەپ چاقار ئۇ،
تاپاي دېسە خىزىردىن ئىۋەن ـ نۇقسان تاپار ئۇ،

توپىلاڭدا شاخ سۆرەپ، سۇنى مۇزغا چاچار ئۇ،
تۆگە قىلىپ تۇگمىنى، زەيسىز پاختا ئاتار ئۇ،
غولنى كېسەر پالتىنى شاختا ساپلاپ چىقىمچى.

ئالماق بولسا سەندىن گەپ، ئۆزى ئاۋۋال دەرد تۆكەر،
سۆزلەپ ھەقنى ھارغۇچە، بولۇۋالار ئەل سۆيەر،
ئاڭلاۋەرسە گېپىنى ھەممە ئادەم چىپۇتەر،
ئالداپ سېنى پەملىگەن سىزنىقىغا كەلتۇرەر،
پىشۇرىدۇ تۇخۇمنى ئايغا قاقلاپ چىقىمچى.

مەبلەغ سېلىپ كەسپىگە، سېنى چايغا باشلايدۇ،
شۇبھىلەنسەڭ ئىشىدىن، كۆزلىرىنى ياشلايدۇ،
دۇشمىنىڭنى ئەيىبلەپ، سېنى «قوللاپ» ماختايدۇ،
بىلىجاننى يەمچۇك قىپ، چوڭ بېلىقنى تاشلايدۇ،
گەپ ئالىدۇ سېنىڭدىن، «ھەق» نى ياقلاپ چىقىمچى.

ئاخشام چاقسا مېنى ئۇ، سەھەر كېلەر سالامغا،
ئەركىلىتىپ ئوينىتىپ، پۇل تۇتقۇزار بالامغا،
ئۇنىمىسام ئۇنىماي باشلار سەيلە - ئارامغا،
قاچىسىدىن توختىماي گۆشنى ئىلغار قاچامغا،
كۆپۈكلىنەر جاۋغىيى مېنى ماختاپ چىقىمچى.

چاقالمىسا بىرسىنى كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ،
گەپ كىرەر دەپ دېرىزە - ئىشىكنى ياپمايدۇ،
شۇ ئەسنادا بىر ئۆيدە بىرسى زارلاپ دادلايدۇ،
خۇشاللىقتىن ئۇنىڭكى كۆزى ئويناپ چاقنايدۇ،

بىتون تامغا دەرھاللا قولاق ياقار چېقىمچى.

راست ـ يالغاننى ئەبجەش قىپ توقۇپ چىقار ھېكايە،
چېقىمچىلىق كەسپىگە چىقار يېڭى دەسمايە،
كىم قاياقتا ماڭىدۇ، ماراپ يۈرەر ئىز ـ پايە،
قىزىرىدۇ پوكاندەك قىلىپ قويساڭ كىنايە،
گۈل كۆرۈنۈپ نادانغا، جاننى ياقار چېقىمچى.

ھەي چېقىمچى، چېقىمچى، بولدى ئەمدى توختىۋال،
ھېرىپ كەتتىڭ شاپاشلاپ، قېنىپ ـ قېنىپ ئۇخلىۋال،
چېدىمىساڭ، چاقتىچە، كېلە بىرنى ئۇرۇۋال،
قۇرۇپ كەتكەن كاللاڭغا تۆت تال بىلىم جۇغلىۋال،
ئاشۇ بىلىم ئاخىرى سېنى باقار، چېقىمچى.

2001 ـ يىل ماي، خوتەن.

## ئىزىتقۇ يوللار

## بىز سۆيۈشكەن يىشىللىق

كۆرۈشمىسەك بوپتىكەن باشتا،
جۈپ كۆزلەردىن سۆيگۈ تىلىشىپ.
سۆيۈشمىسەك بوپتىكەن باشتا،
يېشىللىقتا سەيلە قىلىشىپ.

كۆرۈشتۇق ھەم سۆيۈشۈپ قالدۇق،
يالقۇن بولدى تارتىنچاق لەۋلەر.
قىپقىزىل ئوت ئالەم شۇ ئەسنا،
گويا چۈشتەك ئۆتتى ئۇ دەملەر.

چاقماق چۈشۈپ كەتتى يۈرەككە،
سەنمۇ، مەنمۇ كۆيدۇق قۇياشتەك.
قۇرۇپ كەتتى دىلدا يىپشىللىق،
چاناقلاردا قاينىدى ياشمۇ.

خىياللارمۇ ئاچچىق شۇقەدەر،
تەنتەك سۆيگۇ ئۆرلىتەر تۇتۇن.
بىز سۆيۈشكەن يىپشىللىق قېنى؟!
قاقشال بولدى ئۇلار، ئاھ، پۈتۈن.

1991 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن.

## مۇشۇ يولدىن كەتكەن ئىدى ئۇ

مۇشۇ يولدىن كەتكەن ئىدى ئۇ،
زىناقلىرىغا
يىغىپ جاھاننىڭ كۈلكىلىرىنى.
مۇشۇ يولدىن كەتكەن ئىدى ئۇ،
زىبا بەستىگە
يىغىپ گۈزەللىك ئۇلگىلىرىنى.

مۆشۈ يولدىن كەتكەن ئىدى ئۇ،
يالغۇز ـ يېگانە
بۇ شاردىكى بىرلا ئادەمدەك.
شۇ قەدەر مەغرۇر
تەڭدىشى يوق سېخىي ھاتەمدەك.
مۆشۈ يولدىن كەتكەن ئىدى ئۇ،
نەزىرىمنى
ئوراپ لەرزان مېڭىشلىرىغا.
مۆشۈ يولدىن كەتكەن ئىدى ئۇ
يۈرىكىمنى
ئەسىر قىلىپ بېقىشلىرىغا.
مۆشۈ يولدا ساقلىدىم ئۇنى
ساقلىغاندەك
چۆلدە سۇزۇك تاشنى كارۋانلار.
مۆشۈ يولدا تەلمۈردۈم ئاشا،
تەلمۈرگەندەك
پارلاق مەنزىلگە گۈزەل ئارمانلار.
مۆشۈ يولدا تۇردۇم بەك ئۇزاق،
گوياكى
مۆشۈ يولدا چوقچايغان تاغدەك.
مۆشۈ يولدا ئۈمىد ـ ئىشەنچەم
كۆلۈمسىرىدى
گۈزەل كۆكلەمگە پۈركەلگەن باغدەك.
مۆشۈ يولدىن كەلدى ئۇ يەنە،
يالغۇز ـ يېگانە
شۇنچە ئەركىن نەپەسلەر ئېلىپ.

غايەت يوغان قىزىل بىر شارنى
بوۋاق تۇتقاندەك
دولقۇنلىغان كۆكسىگە تېڭىپ.

1991 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## كۈيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم

ئاخشام ئويلاپ ياتقانمىدىڭ سەن مېنى،
كىرىپ قاپسەن كېچە مېنىڭ چۈشۈمگە.
يۈرىكىمدىن قوغلاپ ھىجران دەردىنى،
كىردىڭ ئوماق ۋىسال باشلاپ ئۆيۈمگە.

كۆيدۈرگەندە تىنىقلىرىڭ دېمىمنى،
قۇت يۈزلەندى مۇڭغا تولغان كۈيۈمگە.
كۈيلىرىمگە ۋىسال بەرسۇن چۈشلىرىم،
كىرىۋەرگىن ھەر كېچىسى چۈشۈمگە.

1991 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

## يېڭى يىل تۇيغۇسى

تۆكۈلمەكتە سارغايغان غازاڭ،
مەيۈسلۈككە ئەسىر تەبىئەت.
بوۋاق كۈلەر، بوۋاي خورسىنار،
بىر پەللىدىن تالىشىپ نۆۋەت.

تۆكۈلمەكتە سارغايغان غازاڭ،
يېشىللىقنى چۈشەر تەبىئەت.
چال كېلىدۇ نەۋرىسى بىلەن،
ۋۇجۇدىدا ئۈمىد ۋە ھەسرەت.

1991 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# روھىمدىكى ئۇچقۇنلار

## ئەبەدىلىك ئىزدەش

روھىم قىتئەسىگە تەلپۈنسە باھار،
يېپيېڭى ئارمانغا تولار كائىنات.
ئىزنىتقۇ يوللاردىن سويۇلۇپ قاسراق،
ئۈمىدلەر باشقىدىن چىقىرار قانات.

ۋىسالسىز دەملەرنىڭ كۆز يېشى ئەڭ پاك،
كۆلكىلەر ئۈنىڭدا يۇيۇنار يىغلاپ.
سەن مېنى يوقاتقان گۇگۇم بەك مىسكىن،
كۆي تۆكەر ئۇ مېنى باغرىغا چىللاپ.

جىسمىمدىن ئاجرىغان بىتەلەي سۆيگۈ،
يات كۆزلەر ئالدىدا يۈرەر تېڭىرقاپ.
سەن مېنىڭ روھىمدا مەڭگۈلۈك ۋەتەن،
سۆيىمەن بىر سېنى قەلبىمدە چىرماپ.

## شاراب روھى

سەھرايىكەبىر نىڭ چاڭقاق قۇمىدەك،
خىيالىم يامغۇرسىز كۆككە تەلپۈنەر.
ئۇنتۇلغان ئارالدەك يېگانە قەلبىم،
بىر شورلۇق قىسمەتتەك قۇتقا تەلمۈرەر.

ئىزگۈلۈك يوقلىپ روھىمدىن گاھى،
جىسمىمغا ئوت يېقىپ ياندۇرغۇم كېلەر.
چاڭقاقلىق دەستىدىن يېرىلسا باغرىم،
لالە رەڭ شارابتا قاندۇرغۇم كېلەر.

نېمە ئۇ ھايات ۋە ئۆلۈم دېگەنلەر،
ئارماندىن باشقىسى مەڭگۈلۈك ئەمەس.
تۇغۇلماق پەقەتلا ئۆلۈم ئۇچۇنمۇ؟
ئۇنتۇلار ھەممىسى بولسا غەرق مەست.

مەستلىكمۇ تەسەللى بېرەر ئازابقا،
روھىمنى سۇغارغىن سەنمۇ شارابتا.
ئۇ بىزگە جەسۇرلۇق بەرسىمۇ كاشكى،
قورقۇنچاق مىجەزنىڭ پۇشايمىنى بار،
بىز كۆرگەن ھەر قىسمەت، ھەربىر ئازابتا.

# قىش كېچىسى

قىش ئۇچار،
جاراڭلاپ مۇزلىغان كوچا،
گۆدەكلەر تىترىشىپ ئوينايدۇ كانكا.
شىۋىرغان ئىزدەيدۇ يىرتىق تامبالنى،
پاتمانلاپ پۇل پېرىۋوت قىلىدۇ بانكا.

ئالتە تال تۇخۇمنى تۇتۇپ كۆك يەردە،
ئولتۇرار قارانچۇق مىسالى چوكان.
ئالدىدىن ئۆتكەنگە تەلمۈرۈپ بېقىپ،
تاقالماس كەچكىچە شام ياققان دۇكان.

گازىرنى ساتالماي مەسۇمە قىزچاق،
مۇزلىغان قولىنى هوردىتار پات - پات.
كىرپىكلەر ئۇچىدا توڭلىغان ئۈمىد،
يانچۇقلار تەلەيسىز، ئارزۇلار بەربات.

قىشتىنمۇ سوغۇقراق بىراۋلار قوغلار،
ئۇششىگەن پاچاقلار قاچار شۇنچە تېز.
چۇشلەردىن چىقمايدۇ يىرتىق پارچە پۇل،
يالۋۇرۇپ، يىلىنىپ ئۈمچىيەر ئېغىز.

قاسساپلار تونىماس يىرتىق چاپاننى،
كىتابقا پۇل دەيدۇ بىتەلەي ئۇماق.

ئۆپكىنى پۈۋلەيدۇ چاپلاشقان يۆتەل،
كاللىدا مىڭ خىيال، مىڭ بىر ئوي، سوراق.

كۆلۈڭدا چوغلارمۇ يۇمدى كۆزىنى،
قىشتىكى قۇياشمۇ ئوخشاشلا سوغۇق.
ئۇمىدلا قوغلايدۇ كۆڭۈلدىن مۇزنى،
ئاھ، قىشنىڭ كېچىسى نېمانچە ئۇزاق؟! ...

## قىسمەت

غىچچىرلاپ بىر كونا ئىشەك ھارۋىسى،
ماڭماقتا تەقدىرنى ئېلىپ يىراققا.
ئۈمىدلەر شورلاشقان، ئۇ بەكمۇ زەئىپ،
ئوخشايدۇ قاراقلار ياغىسىز چىراغقا.

پورلاشقان توغراقلار كۆيەر پاراسلاپ،
قىسىسلەر يالقۇنغا ئايلىنىپ ئۆچكەن.
بېلىقلار ئۇسسايدۇ دەريادا چاڭقاپ،
باھارسىز زېمىندىن قۇشلارمۇ كۆچكەن.

تالجىققان روھلاردىن ياتلاشقان كۈلكە،
ئارمانلار پارشوكسىز سوسكىغا ئەمەك.
مېھنەترەڭ چىرايلار پۇرلانغان پۇلدەك،
تۈۋشىسىز سىلكىنەر مۇزلىغان يۈرەك.

شۈكرىلەر تومۇردا ئاقار قان بولۇپ،
ئەتىنىڭ ئىشقىدا يانغانلار ھەلەك.

سۆدىكى شولىدەك ئالدامچى بەخت،
بۇ زادى قانداق روھ، بۇ قانداق پەلەك؟! ...

## كارتۆشكا

كارتۆشكا تەگلىدى ماڭا بىر دوستۇم،
قارىسام ئۆزىنىڭ كىملىكى ئىكەن.
ئەملى، ئىسمى، تېلېفون نومۇرى،
يېزىقلىق ئىكەن ـ دە، ئاڭا بىر بەلەن.

ئۆزىگىز كىم دېدى ياندۇرۇپ ماڭا،
ئۇنتۇلۇپ قالدىم ـ دە ئېتىمنى شۇئان.
كىملىكىم ھەققىدە ئويلىدىم ئۇزاق،
يەر قاتتىق، بەك يىراق تۇيۇلدى ئاسمان.

مېنىڭدە يوق ئىكەن ئۇنىڭدا بارى،
ئاھ، مەن كىم؟ زادىلا ئويلىيالمىدىم.
ھەتتاكى نەسلىمنۇ چىقتى ئېسىمدىن،
بۇ دەردنى قانچە قىپ ئۇنتۇيالمىدىم.

قولۇمدا كارتۆشكا، قەلبىمدە ئەلەم،
نە ئىش بۇ، ئۆزۈمنى تونۇيالمىدىم.
چىقارمۇ مېنىمۇ تونۇيدىغانلار،
بۇ ئىشنى خىيال قىپ ئۇخلىيالمىدىم.

ياق، مېنىڭ كارتۆشكام بولىدۇ چوقۇم،

مەن هازىر ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئەمەس.
بىلمەكچى بولسىڭىز مېنى، ئەي دوستۇم،
مەن تۇندە قۇياشنى چۈشەپ ياتقان مەست.

# قار ياغقان كۈنى

ئاپئاق قار ياتىدۇ زېمىننى قۇچۇپ،
ئالدانغان ئۈمىدتتەك چىرايلار مىسكىن.
قاڭقىيدۇ كۆتەكتىن داتلاشقان پالتا،
مۇزلىغان كۆڭۈللەر ئاختۇرار ئەمىن.

ئانىنىڭ ئېتىكى ئىزدەيدۇ تەمەچ،
دەرەخلەر قىراۋدىن باغلىغان كىرپىك.
ئاتىلار هور پۈركۈپ ئۇزايدۇ ئۆيدىن،
يېپىلار هەسرەتلىك غىچىلداپ ئىشىك.

پاخالنىڭ چوغلىرى نۇرسىز كۆز قىسار،
قىپقىزىل پاچاقلار ئىزدەر هارارەت.
ئىسلاشقان تاملاردا تىترەيدۇ تۇغلار،
ئوماقلار روهىدىن تەزگەن سائادەت.

ئىشىككە تەلمۈرەر ئۈمىدلىك كۆزلەر،
تەڭقىسلىق ئىچىدە قۇرۇق قول ئاتا.
يوچۇقتىن دالجىماس سەرسان شىۋىرغان،
هەسرەتلىك خورسىنار بىچارە ئانا.

1996 ـ يىل دېكابىر، خوتەن.

## كىم مەڭگۈلۈك كىمنىڭ قەلبىدە

بۇلاقلاردىن ئىزدەپ مۇھەببەت،
كەتتىممىكىن قەلبىڭگە چۆكۈپ.
سەزمىگەندەك سۆيگۈمنى سەنمۇ،
ماڭا كىملەر يۇردىكىن كۆيۈپ.

ساھىللارغا قونغان پەرىشتە،
زېرىككەندۇ تەنھالىقىدىن.
سۆيگۈ بەرسەم كۈلۈپ كېتەر ئۇ،
مۇھەببەتكە تەشنالىقىدىن.

سۇدا ئېقىپ كەلگەن كۈلەڭگە،
تۇنەيدىكىن قايسى كۆلىدە.
ئۇمۇ، سەنمۇ، مەنمۇ بىلمەيمىز،
كىم مەڭگۈلۈك كىمنىڭ قەلبىدە.

## يارىلىش خىتابنامىسى

ياشاشنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇتتۇر ئۆلۈم،
ئۆلۈمنىڭ ۋەزنىدە يالقۇنجار ھايات.
ئۇچۇشقا ئىنتىلەر قاناتسىزلارمۇ،
ئەمما ئۇ ئىزدىمەس، نېمە ئۇ قانات؟!

ياشماق بىراۋغا يارىماق ئەمەس،
ئۆزگىنى دوراشنىڭ ئۆزى بىر يوقلۇق.
توشقاننى شىر قىلار ئۆلۈم دەھشىتى،
ئىلىشش ئىچىدىن ئوقچار ئۇلۇغلۇق.

ھاياتنىڭ ئۆزىدۇر ئۇمىدنى قوغلاش،
شەيتاننىڭ كۆلكىسى ماھىيەت ئەمەس.
مەۋجۇدلۇق ئىزدەيدۇ يوقلۇقنى ھامان،
مېھنەتتىن باشقىسى مۇھەببەت ئەمەس.

1996 ـ يىل 18 ـ ئىيۇن، خوتەن.

## رەنا

رەنا،
چۈشلىرىمدىن رەنجىدىڭ قاچان؟
چۈشلىرىڭدە ئورنۇم قۇپقۇرۇق.
يوللىرىڭدا تالدى كۆزلىرىم،
ئەجەب ماڭا تونۇش ئىزىڭ يوق.

رەنا،
يۈرىكىڭدە پىچىرلىغان كىم؟
سەن كىملەرنى كۆردۈڭ چۈشۈڭدە.
زىرىككەندە ئۇماق لەۋلىرىڭ،
كۈيلىدىڭكىن كىمنى كۈيۈڭدە.

رەنا،
مېنى تاشلاپ كەتتى كۆزلىرىڭ،
جەزىرىدىن كەتكەندەك باھار.
خازان بولدى سۆيگۈ ياپرىقىم،
ئۇ باھارغا تەشنا - ئىنتىزار.

رەنا،
كۆيلىرىمدە غېرىبلىق پەۋەس،
تۆكەر قەلبىم تەنھالىقتا ياش.
مەبۇدەم سەن مەڭگۈ - ئەبەدلىك،
سەن قەلبىمدە پارلىغان قۇياش.

رەنا،
سەن قەلبىمدە پارلىغان قۇياش،
كېچە - كۈندۈز ئۇلتۇرمايدىغان.
سەن سۆيگۈمنىڭ پارلاق ئىلاھى،
مەڭگۈ - مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان.

رەنا،
ئىشەنمەيمەن تەقدىر دېگەنگە،
ئىشەنمەيمەن جۇدالىققا ھەم.
سەن ياراتتىڭ شۇنداق بىر سۆيگۈ،
ناھايەت ئۇ خۇدالىققا تەڭ.

رەنا،
مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنسەن بەلكىم،
ئۇنتۇمايمەن سېنى قەدىردان.
چۈنكى مېنىڭ يۈرىكىم سەندە،
ھەم تەئەللۇق ساڭا ئۇ ھامان.

رەنا،
مېنى ئۇنتۇش ساڭا بەدەلسىز،
سۆيەر مېنى سەن كىرگەن چۈشۈم.
يالقۇن چاچار قەلبىڭگە مەڭگۈ،
لىرىكامغا سىڭگەن يۈرىكىم.

1993 - يىل 18 - ئىيۇن، خوتەن.

# ئاشىقلىق لىرىكىسى

كۆزلىرىڭ قەلبىمدىن سۆيگۈ چىللايدۇ،
زىننىقىڭ ئاستىدا كۈلەر مىڭ باھار.
كۆزلىرىم مىڭ گۈلدىن سېنى خىللايدۇ،
قاپقارا زۇلفىڭدىن تۆكۈلەر ئىپار.

شۇ زىلۋا قامىتىڭ سەرۋىگە ئەنداز،
يارىشار خۇلۇق - ناز ئۆزۈڭگە پەقەت.
چىنلىقىڭ ئالدىدا بىھاجەت پەرداز،
بىھوشمەن، سەن ماڭا باققاندا ھەر رەت.

گۈزەللىك تەختىدە ئۆزۈڭلا سۇلتان،
جەننەتنىڭ ھۆرلىرى باقار ئەيمىنىپ.
ئىشقىڭدۇر پايانسىز تىلسىمات ئوكيان،
سەرگەردان قېيىقمەن يۈرگەن سەيلىنىپ.

## دېرىزەمنى چەككىنىدە شوخ يامغۇر

دېرىزەمنى چەككىنىدە شوخ يامغۇر،
يارىم، سېنى كەلدىمىكىن دەپتىمەن.
سۆيۈپ تۇرۇپ بەرگەن تاتلىق ۋەدەڭنى،
چىن يۈرەكتىن بەردىمىكىن دەپتىمەن.

مەيلى، يامغۇر يېغىۋەرسۇن، ئۆز ئىشى،
ئۆچۈرەلمەس يۈرەكتىكى يالقۇننى.
بىلسەڭ جانان، سۆيگۈ ئۇلۇغ ـ مۇقەددەس،
كۆتۈرەر ئۇ ۋۇجۇدۇڭدا دولقۇننى.

سېنى كۈتۈپ ئۆتتى يىلدەك ھەر مىنۇت،
تالاي قېتىم باقتىم تەشنا يولۇڭغا.
ئۇنتۇلارمەن بۇ ھەسرەتنى، سەن جېنىم،
ئەۋرىشىمدەك يۆگەشكەندە بويۇمغا.

1993 ـ يىل 23 ـ ئىيۇن، خوتەن.

## تۈن لىرىكىسى

سۈدا ئېقىپ كېلەر كۆلەڭگە،
گۈگۈم پۈركۈپ ئۈزىدى قۇياش.
تال تۈۋىدە تارتىنچاق سايە،
نازۇك بارماق ئۆرۈپ چۇۋار چاچ.

ئىككى قىرغاق باقار تىڭشىنىپ،
تارقاپ كەتتى دىلدىن يېتىرقاش.
ئورۇن بەردى نازۇك خۇلۇققا،
قىستىلىشىپ لەۋدە شىۋىرلاش ...

1992 ـ يىل 31 ـ مارت، ئۈرۈمچى.

## ئايرىلىش

سۆيگۈ ساھىلىنىڭ ئەڭ چەت جايىدا،
تېنەپ يۈرەر
كۆلەڭگىسى روھىمىنىڭ.
سەن كېلىسەن مەندىن يىراقلاپ،
خىجىل بولار
لەۋلىرىڭدە سوغۇق تەبەسسۇم.
سەن بىر چوققا، مەنمۇ بىر چوققا،
كەتتى سۆيگۈ
ئېدىرغا چۆكۈپ.

1992 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

# دۇنخۇاڭ ئابىدىلىرى

## مۇقەددىمە

كۆرمەك ماڭا بولغانمۇ نېسىپ،
يا سېھىرلەپ تارتتىڭمۇ مېنى؟
كەلدىم تالاي چۆللەردىن ئېشىپ،
ۋە تونۇدۇم كۆرۈپلا سېنى.
ئۆي ياسىغان تاغلارنى تېشىپ،
پاراسەتلىك بوۋىلار قېنى؟
روھلار قاپتۇ تاشلاردا قېتىپ،
كۆچتى نەگە ئۇلارنىڭ تېنى؟!

## موگاۋكۇ[1] تەسىراتى

ھەيۋەت غارغا يەتتى قەدىمىم،
ھەر سۈرەتتە مۇجەسسەم سەنئەت.
ھەربىر چىراي تونۇش ئادىمىم،
سىياقىدىن بالقار سەلتەنەت.

مەن ئۇلاردىن ياتلىق سەزمىدىم،
خۇلقىدا بار ھايا - پەزىلەت.
يوق گەپلەرنى تېپىپ تەرمىدىم،
يازغانلىرىم مەۋجۇت ھەقىقەت.

تاشقا ئويۇپ قالدۇرغان رەسىم،

سۆزلەپ بەردى ماڭا ھېكايە.
ئايان بولدى يىلتىزىم ـ ئەسلىم،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە قىلدىم كىنايە.
غالىبلاردىن ئىكەندۇق نەسلىم،
ھەممە يەرگە سالغان ئىز ـ پايە.
نەگە كەتتى شۇ باھار پەسلىم،
ئەمدى نېچۈن غېرىب ـ ئاۋارە؟!

يۈكسەكلىكتە تۇرار قەد كېرىپ،
ئەجدادلارنىڭ روھى بەھەيۋەت.
يۇلتۇزلارنى ئالىقانغا ئېلىپ،
سۇر كۆرسىتەر ئىلاھى قۇدرەت.
ئېگىز ئاسمان قەددىنى ئېگىپ،
ئاھ، كىملەرگە تىلىگەن نۇسرەت؟
مەنسۇپ بولغان كىملەرگە قاچان،
بۇ ئۇلۇغۋار مۆجىزە ـ ھېكمەت؟!

ئۆڭكۈرلەردە ئىلاھى سۆيگۈ،
نۇر چاچىدۇ يۈكسەك ئېتىقاد.
مېھنەت ئۇلۇغ، ئۆلمەيدۇ مەڭگۈ،
ھالال تەردە دەشتلەرمۇ ئاۋات.
بولسا نىيەت دۇرۇس ۋە ئىزگۈ،
پەرىشتىلەر تاشلايدۇ قانات.
چېرىمەيدۇ ئېتىقاد، سەزگۈ،
چېرىمەيدۇ مېھنەتلىك ھايات.

## قەدىمى شەھەر[2] خارابىسىدا

قۇياشنى يوقاتقان قەلئە،
شاھ، سۇلتانىڭ كىم ئىدى ئەسلى؟
مۇڭ ھەسرەتكە كۆمۈلگەن قەبرە،
قوينۇڭدىكى كىملەرنىڭ نەسلى؟
سۆزلە تارىخ، ھەققانىي سۆزلە،
كىمگە قالدى كىملەرنىڭ بەختى؟
راستىڭنى ئېيت يالماۋۇز گۆرلەر،
سەن يۇتقىنىڭ كىملەرنىڭ تەختى؟!

قىسسە سۆزلەپ قانلىق جەڭگاھتىن،
ياتار مىسكىن ساۋۇت، دۇبۇلغا.
بەلگە بېرىپ پارلاق سىمادىن،
جەڭگە قايتا چىللايدۇ بۇرغا.
ئۇزۇلمىگەن ئوقلار ساداقتىن،
مىسال گويا سەپلەرگە، قۇرغا،
بىراق ئەسەر يوق ئۆز سىياقتىن،
قالغىنى روھ، قىسسە ۋە مۇردا.

زەر نۇر ئىچرە چاقنار زۇلپىقار،
ئاسىيلىقنى قىلىپ مەسخىرە.
باھادىرغا تىلەر ئىپتىخار،
جەسۇرلۇقتا بولۇپ ئەندىزە.
ئۆتمىشنى چۈش كۆرۈپ چىقار،
تور پەردىسى كۆيگەن پەنجىرە.

هەقىقەتنى قىلالماس ئىنكار،
بۇ ئابىدە، ئۆچمەس مەنزىرە.

بىراق ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش،
باقىي ئەمەس ھېچكىمگە نۇسرەت.
لېكىن زەرگە ئايلانماس كۈمۈش،
ھەربىرىدە ئۆزگىچە قىممەت.
ئاسىيلىقتۇر ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش،
كەلمەك بارمىش ھەممىگە بىر رەت.
ھاياتلىق شۇ — بولۇش، يوقىلىش،
بۇ ئەزەلدىن شۇنداق ھەقىقەت.

## ئايبۇلاق[3]

ئاسمان پەلەك قۇم تاغ ئىچىدە،
بىر بۇلاق بار ھىلال ئايسىمان.
ئاي يۇيۇنار ئۇندا كېچىدە،
چۈشكەن كەبى زېمىنغا ئاسمان.
يېشىل بوستان قىرغاق ـ چېتىدە،
قۇشلار ئۇچۇن جەننەت بىر ماكان.
زۇمرەت ھاسىل سۇزۇك بېتىدە،
پەيدا بولغان بۇ يەردە قاچان؟
ھەيران بولۇپ ئاجايىب ھالدىن،
ئايبۇلاققا تاشلىدىم سوئال.
نېچۈن تاتلىق سۇلىرىڭ بالدىن،
جاۋاب بەرگىن كۆرمىسەڭ مالال.

بىزەك تاقاپ ياش نوتا ـ تالدىن،
پەيدا قىپسەن ئوتتۇرغا ئارال.
ئۆز ئىكەنسەن ھەتتا ھىلالدىن،
بىلمىدىم، بۇ زادى قانداق ھال؟

بۇلاق كۆزى بۇلدۇقلاپ بىردىن،
يۇزلىرىمگە چاچرىدى بۇژغۇن.
كۆتۈرۈلدى گۇزەل بىر جانان،
كۆزلىرى نەم، چىرايى سولغۇن.
ئاق بويىندا قاشتېشى مارجان،
بارمىقىدا چاقنايدۇ ئالتۇن.
ئېلىپ قاڭشار، كۆزلىرى يوغان.
بوستان چېچى تەۋرىگەن دولقۇن.
سوراپ مېنىڭ نامۇ ھالىمنى،
كەچمىشىنى قىلدى ئۇ بايان.
— ئاڭلىسىڭىز ئاھۇ زارىمنى،
ھەممە سىزگە بولىدۇ ئايان.
ئانا يۇرتۇم دەيتتۇق تارىمنى،
قىلغاچ ئۇنى بوۋىمىز ماكان.
ئۆتەتتى كۇن ئىزدەپ رايىمنى،
جەننەت ئىدى بىزگە ئۇ زامان.

ماكانلاشتۇق بۇ جايغا كېلىپ،
ئېشىپ باردى نوپۇس ـ نەسلىمىز.
كۇن كۆچۈردۇق ھالال ئىش قىلىپ،
چېچەك ئاچتى ئارزۇ ـ بەختىمىز.

هالاللىقنى ئەتىۋار بىلىپ،
ياشار ئىدى پۇقرا ـ خەلقىمىز.
روناق تاپقان ھەر كىشى بېيىپ،
شۇنچە ئاۋات شەھەر ـ رەستىمىز.
ئاياغ بېسىپ كەلدى شۇم رەقىب،
لەشكەر باشلاپ ماكانىمىزغا.
قىلماق بولدى بىزنى بەنت ـ تەقىب،
ھاقارەت قىپ خاندانىمىزغا.
ئۇنىڭ قەستى شەھەرنى ئېلىپ،
خوجا بولماق ئاستانىمىزغا.
جەڭ باشلاندى دەريا قان ئېقىپ،
ئوت قويۇلدى ئۆي خانىمىزغا.

ئېرىم ئىدى لەشكەرلەرگە باش،
جەڭگە ماھىر پاراسەتكە باي.
سەبدىشىغا ئەمەس باغرى تاش،
بەستى چىنار، چېچەن، خۇشچىراي.
بىر كۈن كەچتە قارايغاندا قاش،
جەڭگاھ بولدى پايانسىز كەڭ ساي.
جەڭگە كىرىپ كەتتى ئۇ دىلداش،
ھەمراھ بولدى ئاڭا تۈندە ئاي.
ئەنسىرەيمەن، كۆزلىرىمدە ياش،
يۇغۇرۇلغان تۇرسا قاندا لاي...

ئاھ، نەقىلاي، ۋاپاسىز پەلەك،
جاھان خۇنخار، ئالەم گۆرىستان.

قانداق چىدار بۇ دەردكە يۈرەك،
شىھىت بولدى ئەزىز جانىجان.
پىلىكىدىن ئۈزۈلدى خەمەك،
غۇنچىلارنى يۈتتى زىمىستان.
شەمشەر تۇتۇپ ئۈزۈلدى بىلەك،
ئۇيۇپ قالدى كۆكرەكلەردە قان.

قان يىغلىدىم، دەريا يىغلىدىم،
تەڭرىم دەردكە سالمىدى قۇلاق.
پەرياد چېكىپ دىلنى تىلغىدىم،
مەن يىغلىماي قىلىمەن قانداق.

ھاياتىمنى كۆزگە ئىلمىدىم،
چۈنكى ئۇ كەن — ئۆلمەك، تۇغۇلماق.
مەن تىرىكمۇ، ئۆلۈك بىلمىدىم،
كۆز يېشىمدىن پۈتتى بۇ بۇلاق.

ئاڭلاپ ئۇنىڭ كەچمىش، قىسسىنى،
چانىقىمغا تولدى ئاچچىق ياش.
ئەتراپ جىمجىت، دىلخانەم مىسكىن،
ئەگدىم ئاڭا مۇسىبەتتە باش.
تىچلانمىدى ۋۇجۇدۇم لېكىن،
ئەزدى مېنى بىر يىتىمسىراش،
ئەلۋىدا ئەي ئايبۇلاق، تىكىن،
روھىڭلاردا نۇرلىنار قۇياش.

## ياڭگوەن[4] خارابىسىدا

كولدۇرمىلىق تۆگىنى چۈشەپ،
ياتار ياڭگوەن قەلئەسى غېرىب.
چوقمىقىدا يۇلتۇزلار تۈنەپ،
تاڭ ئاتقاندا كېتەركەن ئېقىپ.
كارۋان بۈيۈك غەربتىن جۆنەپ،
كەلگەن ئىكەن چۆللەردىن ئېشىپ.
يولدا ئەلدىن ئۇسسۇزلۇق تىلەپ،
قايتقان ئىكەن يىپەكنى سېتىپ.

خاراب بوپتۇ بۈگۈن بۇ ئۆتەڭ،
ھوقۇشلارغا بولۇپتۇ ئۇۋا.
چوغ چۈشۈرۈپ ئىسسىنغان كۈلەڭ،
كۆمۈلۈپتۇ ئازغۇن توپىدا.
سارايۋەنسىز قاپتۇ ئاۋات دەڭ،
كارۋانلارمۇ يوقكەن يولىدا.
سىياقىدىن كۆچۈپتۇ ئۇز رەڭ،
بوپتۇ ۋەيران يىللار جۇتىدا.

## ئاق ئات مۇنارى[5]

مۇنار تىكلەپ «ئاق ئات» قا ھەيۋەت،
دۇنخۇاڭلىقلار قىلىپتۇ تاۋاپ.
كۇمىراجىۋا تارقىتىپ سەنئەت،

ئالغان ئىكەن ئۇلاردىن ساۋاب،
كېيىنكىلەر بىلدۇرۇپ ھۆرمەت،
گۈل تىزىپتۇ ئۇنىڭغا ئاتاپ.
دېمەك سەنئەت شۇ قەدەر قىممەت،
نادانلارنىڭ ھالى بەك خاراب.

كۇمىراجىۋا ئاق ئاتقا مىنىپ،
كەلگەن ئىكەن مۇشۇ جايغا دەل.
ئامان - ئېسەن كەلگەندە يېتىپ،
ئاق ئېتىغا تېگىپتۇ كېسەل.
كۆرسىتىپتۇ دوختۇرنى تېپىپ،
لېكىن كەپتۇ ئاخىر شۇم ئەجەل.
چەكسىز قايغۇ ھەسرەتكە پېتىپ،
ياش تۆكۈپتۇ پۈتكۈل ئاۋام - ئەل.

شۇندىن بېرى «ئاق ئات مۇنارى»،
شاھىت بولۇپ قاپتۇ ئەۋلادقا.
كۇندە مىڭلاپ سەنئەت خۇمارى،
تاۋاپ قىپتۇ ئۇلۇغ ئەجدادقا.
شۇنچە ئېسىل ئۇنىڭ ئۇزارى،
نامى مەشھۇر، چاڭئەن، باغداتقا.
پەن، سەنئەتنىڭ ئۇ بۇزرۇكۋارى،
دۇچ كەلمەپتۇ ئىنكار، بەرباتقا.

# خاتىمە

تۈنلەر هامان تاڭنى چىللايدۇ،
باقىي ئەمەس ھېچكىمگە تۈسرەت.
كۈلگەنلەرمۇ هامان يىغلايدۇ،
تالىق ئەمەس بىرگىلا كۈلپەت.
خارلانغانلار شاھنى تىللايدۇ،
قۇت كۆرگەنلەر بىلدۈرسە ھۆرمەت.
كىملەر قانداق يولنى خىللايدۇ،
ھايات شۇنداق سوئالدۇر پەقەت.
1992 ـ 1995 ـ يىللار ئۈرۈمچى، خوتەن.

①②③④⑤ دۇنخۇاڭدىكى تارىخي مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# تۈن لىرىكىسى

مۇختار سوپۇرگى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 6.125
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2500
ISBN 7—228—07907—8/I・2843
باھاسى 9.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-07907-8

9 787228 079070 >

ISBN 7-228-07907-8
（民文）定价：9.00元